
3
2014
农村科技
ISSN 1004-1095
03>
9 771004 109006

قۇمۇل شەھىرىدىكى بىر قىسىم ئىلغار ئىدىيەلىك خانىم - قىزلار
پايتەختىمىز بېيجىڭدا زىيارەتتە بولدى



新疆哈密市贵宾故宫博物院合影留念



2014 ـ يىل 3 ـ سان
(ئومۇمىي 347 ـ سان)

# يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسى

全国优秀科技期刊,省级月刊

ش ئۇ ئا ر يېزا خىزمىتى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر نامراتلارنى يۆلەش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى ۋە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا نەشر قىلىندى.

## بۇ ساندا

### تېرىش پەرۋىش

ماشىنا بىلەن يىغىدىغان كېۋەزنى ئۆستۈرۈش تەدبىرلىرى ................ زۇلپىيەم باسىت (1)
قاتتىكۆك ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى.........................................ئاززۇگۈل رېقىپ (3)
زىرە بىلەن پىششىقلاپ ئىشلىنىدىغان پەمدۇرنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش ئۇسۇلى .... مەختۇمخان بارات (4)
گۈل چاي ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ......................................تۇنساخان تۇردى (7)
يەر ياڭىقىنى يالتىراق يوپۇق يېپىپ يۇقىرى ھوسۇللۇق ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى.... تۇرسۇنجان ئەخمەت قاتارلىقلار (9)

### ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكى

قوغۇننى قوش يالتىراق يوپۇق يېپىپ ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى .....مەسئۇت زايىدىن قاتارلىقلار (13)
پارنىكتا قورۇما كاۋىسى ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى ......................................ئىبراھىم (15)
پارنىكتا شوخلا مايسىسى يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلى ......................نۇسرەتگۈل قۇتىدىن (17)
پارنىكقا شوخلا مايسىسىنى كۆچۈرگەندىن كېيىنكى پەرۋىشى ..............مەريەم توختى (20)
پارنىكتا كۇدە ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى .........................................گۈلبىرا ماناپ (22)

### ئوغۇت تۇپراق

تۇپراقنى رېتسېپلاپ ئوغۇتلاشنىڭ ئەھمىيىتى ....................................رابىيە ياسىن (24)
خىمىيەۋى ئوغۇتنى توغرا ئىشلىتىش ئۇسۇلى ..............گۈلزار نۇرمەمەت قاتارلىقلار (25)
بۇغداينى تېجەشلىك ئوغۇتلاش ئۇسۇلى ........................... غۇنچەم موللائەمەت(27)

### باغۋەنچىلىك

چىلاننى تېرىپ ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى ........................................شىرئېلى ھەمدۇللا (29)
ئۆرۈكلۈك باغلارنىڭ پەرۋىشى ..........................................خەيرىگۈل ھوشۇر (30)
چىلان ئۆستۈرۈشتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ھەل قىلىش ئۇسۇلى .... گۈلجەمىلە ئەمەت (32)

### ئۆسۈملۈك ئاسراش

ئۆرۈكلۈك باغلارغا جىنسىي جەلپ قىلىش ھورمۇنى ئىشلىتىپ مېغىز قۇرتىنىڭ ئالدىنى

ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى ........ئامانگۈل ھاشىم (34)
پارنىكتا دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىشلىتىشتە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار.......... رىزۋانگۈل قۇدرەت قاتارلىقلار (35)
پارنىك كۆكتاتلىرىدىكى تاماكا توزان پىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى ........ رەيھانگۈل ئەرشى (36)
پارنىك كۆكتاتلىرىدىكى يورۇقلۇق يېتىشمەسلىك ئالامىتى ۋە ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى ........ ھاجىگۈل تۇرسۇن قاتارلىقلار .(37)
ئۈزۈمدە كۆرۈلۈۋاتقان ئاساسلىق كېسەللىك زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ........ ئىسكەندەر يۇسۇپ (38)
تېرەك تۇن پەرۋانىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى ........ئەركىن يۇسۇپ (43)
شوخلا ۋىرۇسى كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى.........سۇدىنىسە مەمتىمىن (44)
چىلان شارسىمان چوڭ قاسىراقلىق قۇرتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى ........ ھەمىگۈل ئابدۇرېشىت (46)

## سۇچىلىق

يالتىراق ئۈستىدىن زىرائەتلەرنى تېجەشلىك سۇغىرىش ئۇسۇلى ..گۈلباھار ئىگەمبەردى قاتارلىقلار (48)
كۈزگى بۇغداينى سۇغىرىشتىكى مۇھىم نۇقتىلار..................باھارگۈل سۇلتان (50)

## چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق

سىلوس ئورىكىنى ئېچىپ، سىلوس ئېلىشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار......ئۆمەرجان (51)
ئۆي قۇشلىرىنىڭ پوكان ياللۇغىنى داۋالاش ..................مەمتىمىن مەرۇپ (52)
دانچە يەم - خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە قوي بېقىش ئۇسۇلى ..........ساۋۇت رىشىت (53)
قويلارنى ۋاننىلاشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ..................ياسىن راخمان (55)

## قانۇن ئۆگىنەيلى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قورامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى ...............(57)

## بىلىۋېلىڭ

ئورۇق سېتىۋالغاندا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار..................ئايشەمگۈل تاش (58)
خۇشخەۋەر...................................... (60)

باش مۇھەررىر: ھەلىمە تۇرسۇن
مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلەت ھەبىبۇللا
مۇھەررىر: ئەنۋەر مۇھەممەت

**农村科技**
*Rural Science & Technology*
2014年第3期
总347期

新疆维吾尔自治区党委农办、自治区扶贫办、自治区科协、新疆维吾尔自治区农业科学院和新疆农业大学联合主办、面向新疆农牧区、国内外公开发行的综合性省级科普月刊。

## 栽培管理

机采棉栽培技术……则皮燕·巴斯提(1)
包包菜栽培技术……阿尔孜古丽·热克莆(3)
孜然套种加工番茄技术……买合土木汗·巴拉提(4)
昆仑雪菊栽培技术……图妮萨罕·图尔迪(7)
花生覆膜高产栽培技术……吐逊江·艾合买提等(9)

## 设施农业

甜瓜双模栽培方法……买苏提·扎衣提等(13)
温室西葫芦栽培方法……依布拉音(15)
温室西红柿育苗方法……努斯热提·库提丁(17)
温室西红柿苗移栽后管理……买尔艳木·托乎提(20)
温室韭菜栽培方法……古丽比热·马纳莆(22)

## 土壤肥料

测土配方施肥优点……热比艳·牙森(24)
化肥准确使用方法……古力扎尔·努尔麦麦提等(25)
小麦经济施肥方法……吾尼且木·毛拉买提(27)

## 园艺特产

枣种直播栽培方法……西尔艾力·艾米都拉(29)
杏园管理方法……海日古丽·吾舒尔(30)
枣树栽培存在问题及解决方法……古力加米拉·艾买提(32)

## 植物保护

杏园悬挂诱捕器防治梨小心虫方法……阿曼古丽·阿西木等(34)

温室使用农药注意事项……热孜万古丽·库地热提等(35)
温室蔬菜烟粉虱防治方法……热依汗古力·艾西丁(36)
温室蔬菜光照不足症状及防治……阿吉古丽·吐尔逊等(37)
葡萄病虫害防治方法……司砍旦·玉素甫(38)
杨夜蛾防治方法……艾尔肯·玉素甫(43)
西红柿病毒病防治方法……速迪妮莎·买买提敏(44)
红枣大球蚧防治方法……艾米迪古丽·阿布都热西提(46)

## 农田水利

膜上灌溉方法……古丽巴哈尔·伊格木拜尔地等(48)
冬小麦灌溉要点……巴哈尔古丽·苏力坦(50)

## 畜牧兽医

青贮饲料坑取饲料注意事项……吾买尔江(51)
春季家禽嗉囊炎治疗方法……买买提明·麦肉普(52)
颗类饲料加工及其养饲喂技术……沙吾提·热西提(53)
绵羊药浴时注意事项……亚森·热合曼(55)

## 法律常识

中华人民共和国未成年人保护法……(57)

## 百科知识

购买种子注意事项……阿依夏木·塔西(58)
好消息……(60)

主管主办：新疆维吾尔自治区农业科学院
编辑出版：《农村科技》杂志社维文编辑部
主　编：艾力曼·吐尔逊　电话（传真）0991-4505075
责任编辑：阿布来提·艾比布拉　编辑：艾尼瓦尔·买买提
地　址：乌鲁木齐市南昌路 403 号　邮编：830091
印　刷：新疆新华印刷厂　定价: 2.00 元
发　行：乌鲁木齐市邮政局
订　阅：全国各地邮局，各县扶贫办、科技局、农经局和本刊编辑部
国际标准刊号：ISSN 1004 - 1095
国内统一刊号：CN 65 - 1046 / S - W
邮政代码：58 - 123 广告许可证号：0016
收款单位：新疆农业科学院农业经济与科技信息研究所
开户银行：中国农业银行股份有限公司乌鲁木齐南昌路支行
行　号：103881000461 账号：30-004601040000839

# ماشىنا بىلەن يىغىدىغان كېۋەزنى ئۆستۈرۈش تەدبىرلىرى

زۇلپىيەم باست
(قۇمۇل شەھەرلىك ئۇرۇقچىلىق مەركىزىدىن 839000)

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، رايونىمىزدا ماشىنا بىلەن كېۋەز يىغىۋېلىش (机采棉) تېخنىكىسىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، كېۋەز يىغىۋېلىشنى ماشىنىلاشتۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتا مۇھىم ئاساس يارىتىلدى. ئاساسلىق تېخنىك تەدبىرلىرى تۆۋەندىكىچە: (1) تېخنىكىلىق تەلەپ: ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىنىدىغان كېۋەز ئېتىزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 700 ـ 1000 مېتىر، كەڭلىكى 180 ـ 200 مېتىر، سالالاشقان بولۇشى كېرەك. كېۋەز سورتىنى تاللاشتا يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، ئەلا سۈپەتلىك، توپ شەكلى يىغىنچاق، كېسەلگە چىداملىق، چىلگە سورتلارنى تاللاش لازىم. بىرىنچىدىن غوزا شېخى يەر يۈزىدىن 20 سانتىمېتىردىن يۇقىرى، غوزىلىشى يىغىنچاق بولۇشى، تېرىشتىن بۇرۇن ئىنچىكىلەپ ئۇرۇق تاللاش، ئۇرۇقنىڭ ئۈنۈش نىسبىتى 85% تىن يۇقىرى بولۇشى كېرەك. تېرىشتىن بۇرۇن تۇپراقنى 45% لىك تىرىفلۇرالىن (氟乐灵) بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ، تىرنىلاپ باستۇرۇش كېرەك. قۇر ئارىلىقى 10+ 66 سانتىمېتىر، توپ ئارىلىقى 9.5 سانتىمېتىر، ھەر مودىكى توپ سانى 18000 توپ بولسا بولىدۇ. تېرىشتا قۇرى تۈز بولۇشى، ئۇرۇق تەكشى چۈشۈشى، تېرىش چوڭقۇرلۇقىنى ئىككى سانتىمېتىر قىلىپ، ھەربىر ئۇۋىغا 1 ـ 2 تال ئۇرۇق تېرىشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

**يىغىۋېلىش مەزگىلىدىكى پەرۋىشى:** كېۋەز ئۈنۈشكە باشلىغاندا تەكشۈرۈپ، يالتىراق يوپۇقتىن چىقىرىش كېرەك، بىر تال يوپۇرماق چىقارغاندا مايسا تاقلاپ، ئىككى تال يوپۇرماق چىقارغاندا مايسا بەلگىلەش كېرەك، ۋاقتىدا كېسەللىك، ھاشارات زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش كېرەك. كېۋەز مايىسى بىر تال يوپۇرماق چىقارغاندا، بوغۇم قىسقارتىش دورىسىدىن ھەر مو يەرگە 0.6 ـ 0.8 گىرام پۈركۈش؛ 4 ـ 8 تال يوپۇرماق

چىقارغاندا، بوغۇم قىسقارتىش دورىسىدىن ھەر مو يەرگە ئىككى گىرام پۈركۈش؛ 10 ـ 12 تال يوپۇرماق چىقارغاندا، بوغۇم قىسقارتىش دورىسىدىن ھەر مو يەرگە تۆت گىرام پۈركۈش؛ كېۋەزنىڭ ئۇچىنى ئۈزۈپ بولغاندا بوغۇم قىسقارتىش دورىسىدىن ھەر مو يەرگە 8 ـ 10 گىرام پۈركۈش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا تۈپ ئېگىزلىكى 70 ـ 80 سانتىمېتىر، غوزا شېخى 20 سانتىمېتىردىن ئۇزۇن بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش بولىدۇ.

كېۋەز ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە خىمىيەلىك ئۇسۇلدا يوپۇرماق چۈشۈرۈپ، ئېچىلىشنى تېزلىتىش تەدبىرىنى قوللانغاندا، پاختىنى ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىشتا پاكىزلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. خىمىيەلىك يوپۇرماق چۈرۈشۈشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق ئىشلىتىلىش ۋاقتى 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 15 ـ كۈنىگىچە بولۇپ، بىر ھەپتىلىك تېمپېراتۇرا 18℃ ـ 20℃ بولسا دورا ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۇچۇن توتولۇڭ (脱土隆) نى ھەر يەرگە 12 گىرام، بەنباۋ (伴宝) نى ھەر مو يەرگە 60 گىرام، ئېتىفون (乙烯利) نى ھەر مو يەرگە 70 گىرام ئىشلىتىش كېرەك. پاختىنى ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىشتىن بۇرۇن، ئېتىزدىكى قالدۇق يالتىراق يوپۇقنى پاكىز تېرىۋېتىش كېرەك.

**يىغىۋېلىش:** كېۋەز يىغىش باشلىنىشتىن بۇرۇن ماشىنا ماڭىدىغان يول، كۆۋرۈك ۋە مەيداننى پىلانلاپ تەييارلاش كېرەك. ئادەتتە كېۋەز ئېتىزىدا يوپۇرماقنىڭ تۆكۈلۈش نىسبىتى 90% دىن يۇقىرى، غوزا ئېچىلىش نىسبىتى 95% دىن يۇقىرى بولغاندا. ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىش باشلىنىدۇ. ماشىنىنىڭ يىغىۋېلىش سائەتلىك سۈرئىتى تۆت كىلومېتىر ئىچىدە كونترول قىلىنىدۇ، پاختا يىغىش پاكىزلىق نىسبىتى 90% دىن يۇقىرى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يىغىۋېلىنىدىغان پاختىنىڭ سۇ تەركىبىنى تۆۋەنلىتىش ئۇچۇن ئەتىگەنلىكى ئېتىزدىكى شەبنەم قۇرىغاندىن كېيىن يىغىشنى باشلاش كېرەك. (03)

# قاتكۆك ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى

ئارزۇگۈل رېجەپ
(توقسۇن ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 838100)

**1. سورت تاللاش:** شۇ جاينىڭ شارائىتىغا ماس كېلىدىغان، كېسەللىك، ھاشارات زىيىنىغا چىداملىق، چىلگە سورتلارنى تاللاش لازىم. تەۋەيىمىزدە «جۇڭگو قاتكۆكى ـ 1» (中甘1号) قاتارلىق سورتلار كۆپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**2. مايسا يېتىشتۈرۈش:** مايسا يېشى 45 ـ 55 كۈنلۈك بولۇپ، ئۈچ تال يوپۇرماق چىقارغاندا كۆچۈرۈپ تىكىش كېرەك.

**3. يەرگە ئىشلەش:** تۇپرىقى بوش، يۇمشاق، سۇ، ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقى ياخشى، ئورگانىك ماددا مىقدارى يۇقىرى، مۇنبەت، قۇمساڭ ئەت تۇپراقلارنى تاللاش كېرەك. مايسا تىكىشتىن بۇرۇن ھەر مو يەرنى 2000 ـ 3000 كىلوگىرام چىرىگەن مەھەللىۋى ئوغۇت، 15 ـ 20 كىلوگىرام فوسفورلۇق ئوغۇت، 10 ـ 15 كىلوگىرام ئازوتلۇق ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاپ، چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ، تەكشىلەش لازىم.

**4. مايسا كۆچۈرۈپ تىكىش:** تەۋەيىمىزدە 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 3 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە يەنى بەش سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى تۇپراق تېمپېراتۇرىسى مۇقىم 12℃ تىن ئاشقاندا كۆچۈرۈپ تىكىلىدۇ. يالتىراق يېپىپ تىككەندە 5 ـ 6 كۈن بۇرۇنراق كۆچۈرۈپ تىكسە بولىدۇ. مايسا تىككەندە توپ ئارىلىقىنى 30 سانتىمېتىر، قۇر ئارىلىقىنى 30 سانتىمېتىر ياكى توپ ئارىلىقىنى 35 سانتىمېتىر، قۇر ئارىلىقىنى 30 ـ 40 سانتىمېتىر قىلىپ، 5 ـ 6 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئۇۋا ئېچىپ، ھەربىر ئۇۋىغا بىر تۇپتىن مايسا تىكىپ، ھەر مو يەردە 5500 ـ 6000 تۈپ مايسا بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

**5. ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدىكى پەرۋىش:** ① مايسا تولۇقلاش: مايسىنى تىكىپ بولغاندىن كېيىن، مايسا كەم ئورۇنغا ۋاقتىدا تولۇقلاپ تىكىش لازىم؛ ② سۇغىرىش ۋە ئوغۇتلاش: مايسا تىكىپ بولغاندىن كېيىن دەرھال سۇغىرىش كېرەك. مايسا ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن بىر مو يەرگە 10 كىلوگىرام ئورىيا (尿素) بېرىپ سۇغىرىپ، مايسىنىڭ ئۆسۈشىنى تېزلىتىش لازىم. يالتىراق يېپىپ تىكىلگەن بولسا، يالتىراقنى بوران يىرتىۋەتمەسلىككە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، يالتىراقنى ياخشى باستۇرۇش

## زىرە بىلەن بېششىقلاپ ئىشلىنىدىغان پەمدۇرنى كىرىشتۇرۇپ تېرىش ئۇسۇلى

مەختۇمجان بارات
(خېجىڭ ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن 841300)

**1. تېرىش ئۇسۇلى:** 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى قوۋ ئارىلىقىنى 40 ـ 50 سانتىمېتىر قىلىپ زىرە تېرىلىدۇ، 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 4 ـ ئاي-نىڭ باشلىرىغىچە، تۈپ ئارىلىقى 30 ـ 35 سانتىمېتىر، قوۋ ئارىلىقى 60 سانتىمېتىر قىلىپ پەمدۇر تېرىلىدۇ، مايسا كۆچۈرۈشتە ئۇششۇكتىن كېيىن كۆچۈرسە بولىدۇ.

**2. يەرگە ئىشلەش:** تېرىلغۇ تۇپراق قاتلىمى قېلىن، سۇ، ئوغۇت ساقلاش ئىقتىدارى كۈچلۈك، ئۇنۇمدارلىقى ئوتتۇراھالىدىن يۇقىرى بولغان ئەت تۇپراق ياكى قۇمساڭ ئەت تۇپراقنى تاللاش، نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش، ھەرگىزمۇ تەكرار تېرىماسلىق كېرەك. ئالدىنقى زىرائىتى ئەڭ ياخشىسى بۇغداي، قوناق، كېۋەز قاتارلىق زىرائەتلەر بولۇشى، تاماكا، بەرەڭگى تې-رىلغان يەرلەرنى تاللىماسلىق كېرەك. ئادەتتە ئالدىنقى زىرائىتى يىغىۋې-لىنغاندىن كېيىن ھەر مو يەرنى 3 ـ 4 مىڭ كىلوگىرام ئورگانىك ئوغۇت

---

لازىم، تۈگۈن تۇتقاندىن كېيىن يالتىراقنى ئېلىۋېتىش كېرەك. ھاۋا تېم-پېراتۇرىسى، تۇپراق ئەھۋالىغا قاراپ ھەر 7 ـ 12 كۈندە بىر قېتىم سۇ-غىرىش كېرەك. سۇغىرىشقا بىرلەشتۈرۈپ بىر مو يەرگە 15 ـ 25 كىلو-گىرام ئورىيا ئوغۇتى بېرىش كېرەك. ③ كولتىۋاتسىيە قىلىش: پۈتۈن ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە 2 ـ 3 قېتىم كولتىۋاتسىيە قىلسا، تۇپراق نەملىكىنى ساقلاشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ؛ ④ قوشۇمچە ئوغۇتلاش: تۈگۈن تۇتقاندىن كېيىن، ھەر 5 ـ 7 كۈندە بىر قېتىم 2% لىك كالىي دى ھىدرو فوسفات (磷酸二氢钾)، 2% لىك ئورىيا سۇيۇقلۇقىنى پۈركۈش لازىم.

**6. كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يو-قىتىش:** قاتكۆك مايسا مەزگىلىدە يېتىپ قېلىش كېسەللىكى، سولىشىپ قۇرۇش كېسەللىكى، قارا چىرىش كېسەللىكى، قاتكۆك كېپىنىكى، كۆك-پىت قاتارلىق كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلار كۆرۈلىدۇ. ئالدىنى ئېلىش-قا دىققەت قىلىپ، كېسەللىك، زىيانداش ھاشارات كۆرۈلگەن ھامان بىيو-لوگىيەلىك، خىمىيەلىك دورىلارنى چېچىش كېرەك. (03)

بىلەن ئۇغۇتلاپ، يەرنى باستۇرۇپ سۇغىرىش ۋە چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ، تەكشى تۈزلەپ توك ياتقۇزۇپ، 2 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ھەر موغا 20 ـ 25 كىلوگىرام فوسفورلۇق ئوغۇت، 10 ـ 15 كىلوگىرام ئورىيا، 5 ـ 8 كىلوگىرام كالىي سۇلفات بېرىپ يەرنى تېرىشقا تەقلەپ قويۇش كېرەك.

**3. زىرە ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتىلار:** (1) تۇپراقنى بىر تەرەپ قىلىش: تېرىشتىن بىر ھەپتە بۇرۇن 48% لىك تىرىفلۇرالىن (氟乐灵) سۇتىسمان دورىسىدىن 80 ـ 100 گىرامنى 25 ـ 30 كىلوگىرام سۇغا ئا-رىلاشتۇرۇپ، كەچقۇرۇن ئۇدۇللۇق چېچىپ، ئۇدۇللۇق تىرنىلاپ دورىنى توپىغا تەكشى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش كېرەك؛ (2) ئۇرۇقنى دورىلاش: كور-نىسون (可的松) ئېرىتىلگەن پاراشوكىنى ئۇرۇق ئېغىرلىقىنىڭ 0.3% ـ 0.5% بويىچە ئېلىپ ئۇرۇققا تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، 24 سائەت دۆملىگەندىن كېيىن كۆن نۇرى چۈشمەيدىغان يەردە قۇرۇتۇپ تېرىش كې-رەك؛ (3) مۇۋاپىق بالدۇر تېرىش: ناھىيەمىزدە 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە تېرىلىدۇ. ھەر موغا ئادەتتە 1 ـ 1.5 كىلو-گىرام ئۇرۇق تېرىلىدۇ؛ (4) كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش: مايسا ئۈنۈپ چىقىشتىن بۇرۇن تۇپراقنى چاغلاپ، تېمپېراتۇرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، يىلتىزنىڭ ئۆسۈشىنى تېزلىتىپ، ئوتلارنى ئوتاپ، مايسىنىڭ تولۇق، تىمەن ئۆسۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك، چېچەكلەشتىن بىر ھەپتە بۇرۇن ھەر موغا 100 ـ 200 گىرام كالىي دى ھىدرو فوسفات (磷酸二氢钾) چېچىش، ئۆسۈش مەزگىلىدە يەنە 1 ـ 2 قېتىم چېچىش كېرەك؛ (5) يىغىۋېلىش: زىرىنىڭ چېچەكلىشى ۋە پىششى بىردەك ئەمەس، ئادەتتە 1 ـ گۈلدە مېۋە بەرمەيدۇ، 2 ـ قېتىملىق گۈلدە ئازراق مېۋە بېرىدۇ، ئاساسلىقى 3 ـ ، 4 ـ قېتىملىق گۈلى مېۋە بېرىدۇ. شۇڭا مېۋىسى سەل كۆك ۋاقتىدا يىلتىز بىلەن قوشۇپ يۇلۇپ، ئاپ-تاپتا قۇرۇتۇپ 2 ـ 3 كۈندىن كېيىن يىغىۋېلىنىش كېرەك.

**4. پىششىقلاپ ئىشلىنىدىغان پەمىدۇرنى ئۆستۈرۈشتىكى مۇ-ھىم نۇقتىلار:** (1) ئۇرۇق تاللاش: مېۋىسى قىزىرىپ پىشقان، قىزىل پىگمېنت تەركىبى يۇقىرى، قاتتىق، كېسەلگە چىدامىلىقى كۈچلۈك

سورتلارنى تاللاش لازىم. ناھىيەمىزدە «شىنجاڭ پەمىدورى ـ 9»، «لى يۈەن ـ 8»، «تۇنخې ـ 8» قاتارلىق سورتلار كۆپرەك تېرىلىدۇ؛ (2) مۇۋاپىق بالدۇر تېرىش ياكى مايسا كۆچۈرۈش: 10 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى تۇپراق تېمپېراتۇرىسى 10℃ قا مۇقىملاشقاندا ئادەم كۈچى بىلەن ھەر موغا 80 ـ 100 گىرام ئۇرۇق تېرىش، ھەربىر ئۇۋىغا 7 ـ 8 تال ئۇرۇق سېلىش، توپ، قۇر ئارىلىقىنى 30—35×60 سانتىمېتىر قىلىپ، ھەر مودىكى توپ سانى 3000 ـ 3500 كە يەتكۈزۈش كېرەك. مايسا كۆچۈرۈشتە ئۈششۈك مەزگىلى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن مايسا كۆچۈرۈپ، ھەر مودا 2800 توپ مايسا بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ (3) پەرۋىشى: ① مايسا تولۇقلاش: ئۇرۇقنى تېرىپ 8 ـ 10 كۈندىن كېيىن تەكشۈرۈپ ئۈنمىگەن يەرلەرگە دەرھال ئۇرۇقنى ئىلمان سۇغا چىلاپ ئاندىن بىخلاندۇرۇپ تېرىسا بولىدۇ؛ ② مايسا بەلگىلەش: مايسا ئىككى تال ھەقىقىي يوپۇرماق چىقارغاندا مايسا تاقلاش، 4 ـ 6 تال يوپۇرماق چىقارغاندا مايسا بەلگىلەش كېرەك. مايسا كەم جايلارغا كەچقۇرۇن مايسا كۆچۈرۈپ، مايسىنىڭ تولۇق، تەكشى، تىمەن ئۆسۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ ③ يوپۇقنى ئاسراپ ئوت ـ چۆپلەرنى يوقىتىش: يوپۇقنى تەكشۈرۈپ يوپۇقنىڭ توپا بىلەن كۆمۈلمىگەن يەرلىرىنى ياكى شامال يىرتىۋەتكەن جايلىرىنى دەرھال كۆمۈش، ئوت ـ چۆپلەرنى ۋاقتىدا ئوتاش كېرەك؛ ④ زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش: 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى، ئالدىن بېرىلگەن مەلۇماتقا ئاساسەن، ھاشارەت ئۆلتۈرگۈچى دورىلارنى چېچىش ئارقىلىق، يەر يولۋىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك؛ ⑤ سۇغىرىش: چېچەكلەشتىن 10 كۈن بۇرۇن دەسلەپكى سۇيىنى قويۇش، 1 ـ سۇيىگە بىرلەشتۈرۈپ ھەر مو يەرگە ئورىيادىن بەش كىلوگىرام، ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات (磷酸二铵) تىن 5 ـ 10 كىلوگىرام بېرىش لازىم. دەسلەپكى مېۋىسى چۈشكەن مەزگىلدە 2 ـ سۇيىگە بىرلەشتۈرۈپ ھەر موغا ئورىيا (尿素) دىن 5 ـ 10 كىلوگىرام، ئىككى ئاممونىيلىق فوسفاتتىن 5 ـ 10 كىلوگىرام بېرىش

# گۈل چاي ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى

تۇنىساخان تۇردى
(نىيە ناھىيە يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 848500)

**1. يەرگە ئىشلەش:** گۈلچاي دورا ۋە چاي ئورنىدا ئىستېمال قىلىنغاچقا، پۈتۈن ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە خىمىيەلىك ئوغۇت ۋە دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. شۇڭا ھەر مو يەرگە 3000 كىلوگىرام ئەتراپىدا تولۇق چىرىگەن ئېغىل قىغى بېرىپ، 25 ـ 30 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئاغدۇرۇپ تەكشىلەش كېرەك.

**2. تېرىش:** ھەر مو يەرگە 700 ـ 800 گىرام ئۇرۇق تېرىلىدۇ، مۇنبەت يەرلەرگە تېرىش مىقدارى ئاز، ئۇنۇمدارلىقى تۆۋەنرەك يەرلەرگە تېرىش مىقدارى كۆپرەك قىلىنىدۇ، ئەمما ئۇرۇقنىڭ ساپلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بولمىسا ھەر مودىكى تۈپ سانىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. گۈل چاينى 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 15 ـ كۈنىگىچە (يەنى بەش سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى تۇپراق تېمپېراتۇرىسى 13℃ قا مۇقىملاشقاندا)، ئەڭ كېچىكلەندىمۇ 25 ـ كۈنىگىچە تېرىپ بولۇش كېرەك. يېزىمىزدا قۇرلاپ تېرىش ئاساس قىلىنىدۇ، قۇرلاپ تېرىشتا ئۇرۇقنى يۇمشاق تاسقالغان قۇرۇق توپىغا تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈچ چىشلىق تىرنا بىلەن چۆنەك ئېچىپ، چۆنەككە قۇرۇق توپا بىلەن ئارىلاشتۇرۇلغان ئۇرۇقنى تەكشى چېچىپ تېرىپ، ھەر مودا 100 ـ 130 مىڭ تۈپ مايسا بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئۇرۇقنى تېرىغاندا قۇر، تۈپ ئارىلىقىنى 1.5×42 سانتىمېتىر، تېرىش چوڭقۇرلىقىنى 1.5 ـ 2 سانتىمېتىر قىلىپ تېرىپ، ئۈستىگە بىر قەۋەت نېپىز توپا يېپىپ، دەرھال سۇغىرىش كېرەك.

**3. پەرۋىشى:** (1) بىخلىنىش مەزگىلىدىكى پەرۋىشى: گۈل چاي ئۇرۇقى

لازىم. مېۋە يۇغىناشقا باشلىغاندا ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ 3 ـ، 4 ـ سۇيىنى قويۇش، شۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ يوپۇرماق سىرتىدىن ئوغۇتلاش كېرەك؛ ⑥ يىغىۋېلىش: ئېتىزدىكى پەمىدۇر %30 قىزارغاندا ئاۋايلاپ ئۈزۈپ، ئاستا قويۇپ، زەخىملىنىپ سۇپىتىگە تەسىر يېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك. (05)

تېرىلىپ 10 ـ 15 كۈندە ئۈنۈپ چىقىدۇ. مايسا ئۈنۈپ چىقىشتىن ئىلگىرى تۇپراق نەملىكى نورمال بولسا ئەڭ ياخشىسى سۇغارماسلىق كېرەك؛ (2) مايسا مەزگىلىدىكى پەرۋىشى: مايسا ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىن ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق سۇغىرىش، ھەر قېتىم سۇغارغاندىن كېيىن، بىر قېتىم تۇپراقنى چاغلاپ يۇمشىتىش كېرەك. گۈل چاي ئېتىزىدا ياۋا ئوت ـ چۆپلەر ئۆسۈپ چىقسا ۋاقتىدا ئوتاپ، ئوت ـ چۆپ زىيىنىدىن ساقلىنىش كېرەك.

گۈل چاينى 6 ـ ئاينىڭ باشلىرى بىر قېتىم قوشۇمچە ئوغۇتلاش كېرەك، ھەر مو يەرگە قۇرۇغان توخۇ، كەپتەر، ئۆردەك مايىقىدىن 500 كىلوگىرام تەييارلاپ، قۇر تۇۋىدىن چۆنەك تارتىپ، ئوغۇتنى چۆنەككە چېچىپ، توپا بىلەن كۆمۈش كېرەك. ئوغۇتلاش چوڭقۇرلىقى 10 سانتىمېتىر، مايسا بىلەن ئوغۇتلاش چۆنىكىنىڭ ئارىلىقى 15 سانتىمېتىر بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

تەۋەيىمىزدە تۇپراق ئەھۋالغا قاراپ 10 ـ 15 كۈندە بىر قېتىم سۇغىرىلىدۇ. لېكىن زىيادە سۇغىرىپ گۈل چاينىڭ بويىغا زورلاپ ئۆسۈپ كېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك. گۈل چاينى ئوتاش ئىنتايىن مۇھىم، ۋاقتىدا ئوتىمىغاندا گۈل چاي غولىنىڭ ئىنچىكە، ئەگرى بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شاخلىنىشى كېچىكىدۇ؛ (3) چېچەكلەش مەزگىلىدىكى پەرۋىشى: يېزىمىزدا 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى چېچەكلەشكە باشلاپ، 9 ـ ئاينىڭ باشلىرى مەركەزلىك چېچەكلەيدۇ. چېچەكلىگەندە ۋاقتىدا يىغىۋېلىشقا دىققەت قىلىش، ھوسۇلنى يىغىۋېلىش بىلەن پەرۋىشنى بىرلەشتۈرۈش، بىر قېتىم قوشۇمچە ئوغۇتلاش ئارقىلىق، چېچەكلەش مەزگىلىدە ئۇزۇقلۇق يېتىشمەي، چېچەكلىشى كېچىكىپ كېتىش، چېچەك ئاز بولۇش، پۇراقسىز، رەڭگى سۇس بولۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، مۇۋاپىق سۇغىرىپ، بالدۇر زەئىپلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سۇغارغاندا باستۇرۇپ سۇغىرىشتىن ساقلىنىش، سۇغىرىشقا بىرلەشتۈرۈپ قوشۇمچە ئوغۇتلاشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

(ئاخىرى 14 ـ بەتتە)

## يەر ياڭىقىنى يالتىراق يوپۇق يېپىپ يۇقىرى ھوسۇللۇق ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى

تۇرسۇنجان ئەخمەت پاتىگۈل تايىر
(پوسكام ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن)

**1. سورت تاللاش:** يالتىراق يوپۇقنىڭ مەھسۇلات ئاشۇرۇش يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، بىرلىك مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، شۇ جاينىڭ ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى، مەھسۇلات سەۋىيەسى ۋە كىرىمگە ئاساسەن سورت تاللىسا بولىدۇ. تۇپرىقى مۇنبەت، سۇغىرىش شارائىتى ياخشى، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ئېتىزلارغا ئارا جاغدا، مېۋىسى چوڭ، مول ھوسۇللۇق ياكى ئادەتتىكى مېۋىسى چوڭ سورتلارنى تاللىسا بولىدۇ. قىرىسىز مەزگىلى قىسقا مۇنبەتلىكى ئادەتتىكىدەك يەرلەردە ئارا چىلگە سورتلارنى ۋە مەرۋايىت پۇرچاق تىپىدىكى مېۋىسى كىچىك سورتلار مەسىلەن: «سىلىخۇڭ»، «دابەيشا»، «شياۋبەيشا» سورتلارنى تاللاپ تېرىسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

**2. مۇۋاپىق نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش:** يەر ياڭىقى ئاق يەرگە تېرىغاننى ياقتۇرىدۇ، تەكرار تېرىسا ياكى ئېگىز ئورنىغا تېرىسا تۈپى پاكار بولۇپلا قالماي، بەلكى كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇشى ئېغىر بولۇپ، مەھسۇلات ۋە سۈپىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇڭا مۇۋاپىق نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش كېرەك. يەر ياڭىقىنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىشقا كۆممىقوناق، بۇغداي، تېرىق ۋە قوناق قاتارلىقلار باب كېلىدۇ. ئادەتتە پۇرچاق ئائىلىسىدىكى زىرائەتلەرنىڭ ئېگىز ئورنىغا تېرىشقا بولمايدۇ.

**3. يەرگە ئىشلەش:** مۇنبەتلىكى ئوتتۇراھالدىن يۇقىرىراق، تېرىلغۇ تۇپراق قاتلىمى قېلىن، بوش، سۇ، ئوغۇت ساقلاش ئىقتىدارى ياخشىراق بولغان نېترال، قۇمساڭ تۇپراقلارنى تاللاش لازىم. ئورنى ئويمان، سۇ يىغىلىپ قالىدىغان، قۇم بارخانلىق، سۇ، ئوغۇت ئېقىپ كېتىدىغان ۋە شېغىللىق، ئۇنۇمسىز يەرلەرنى تاللىماسلىق كېرەك. يەرنى ئەڭ ياخشىسى كۈزدە 20 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئاغدۇرۇپ، تەكشى تىرنىلاپ، يىلتىز، تاشلارنى پاكىز تازىلىۋېتىپ توڭ ياتقۇزۇش كېرەك. ئوغۇتلاشتا مەھەللىۋى ئوغۇتنى ئاساس، خىمىيەۋى ئوغۇتنى قوشۇمچە قىلىپ، ئازوت، فوسفور، كالىي،

كالتسىيلىق ئوغۇتنى ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش كېرەك. ئادەتتە ھەر مو يەرگە سۇپەتلىك مەھەللىۋى ئوغۇتتىن 3 ـ 4 مىڭ كىلوگىرام، ئورېيا (尿素) دىن 15 ـ 20 كىلوگىرام، كالىي سۇلفات (硫酸钾) تىن 10 ـ 13 كىلوگىرام، ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات (磷酸二铵) تىن 20 ـ 25 كىلوگىرام بەرسە بولىدۇ. يەر ياڭقىنى يالتىراق يوپۇق يېپىپ ئۆستۈرگەندە، كۆپىنچە كەڭ تاختىلاپ قوش قۇرلۇق ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. ئادەتتە تاختىنىڭ ئومۇمىي كەڭلىكىنى 70 ـ 80 سانتىمېتىر، تاختا يۈزىنىڭ كەڭلىكىنى 50 سانتىمېتىر، تاختا ئېگىزلىكىنى 10 ـ 12 سانتىمېتىر قىلىپ، ئۈستىنى سەل دۆڭرەك قىلىپ، يالتىراق يوپۇق يېپىشقا تەييارلىق قىلىش كېرەك. يالتىراق يوپۇق يېپىشتىن ئىلگىرى ھەر مو يەردىكى تاختا يۈزىگە 33% لىك پېندىمېتىيالىن سۇتسىمان مېيىدىن 200 مىللىگىرام ياكى 48% لىك لاسسو سۇتسىمان مېيىدىن 0.25~0.3 كىلوگىرامغا 50~70 كىلوگىرام سۇ ئارىلاشتۇرۇپ تەكشى پۈركۈپ، ئوت ـ چۆپ يوقىتىش كېرەك؛ دورا پۈركۈپ بولغاندىن كېيىن، دەرھال يالتىراقنى تەكشى، چىڭ تارتىپ، تاختا يۈزىگە ھىم يېپىپ، ھەر 2~3 مېتىردا بىردىن توپا تاشلاپ، يالتىراقنى شامال ئۈچۈرۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

**4. تېرىش:** (1) ئۇرۇق بىر تەرەپ قىلىش: تېرىشتىن ئىلگىرى ئۇرۇقنى بىر تەرەپ قىلغاندا ئۇرۇقنىڭ ئاخىرقى پىشىشىنى تېزلىتىپ، ئۈنۈش نىسبىتىنى ئاشۇرغىلى بولۇپلا قالماي، مايسىنىڭ تەكشى، تولۇق، تىمەن ئۆسۈشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. ئۇرۇق بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى مۇنداق: ① ئۇرۇقنى ئاپتاپقا سېلىش: ئۇرۇقنى ھاۋا ئوچۇق، شامال چىقمىغان كۈنلەردە 3~4 كۈن ئاپتاپقا سېلىپ، ئاندىن مېغىزىنى ئايرىسا بولىدۇ؛ ② ئۇرۇق تاللاش: ئۇرۇقتىن پۇچەك، بىخلىنىپ كەتكەن، كۆكىرىپ قالغان، ئېزىلگەن ئۇرۇقلارنى ۋە ئارىلاشمىلارنى ھەم مېغىزنىڭ رەڭگى ئۆزگەرگەن ئۇرۇقلارنى شاللىۋېتىپ، توق، چوڭ ـ كىچىكلىكى بىر خىل بولغان ئۇرۇقلارنى تاللاپ، ھەر مو يەرگە 10 ـ 12 كىلوگىرامدىن ئۇرۇق تېرىش لازىم؛ (2) تېرىش ۋاقتى: يالتىراق يوپۇق يېپىپ يەر ياڭىقى ئۆستۈرۈشتە بەش سانتىمېتىر تۇپراق قاتلىمىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئۇدا بەش

كۈنگىچە 13℃ دىن يۇقىرى بولغاندا، يەنى 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىغىچە تېرىش كېرەك. (3) تېرىش زىچلىقى: تېرىشتا ھەر تاختىغا ئىككى قۇردىن، ھەر ئۇۋىغا 1 ـ 2 تال ئۇرۇق سېلىپ ئۇۋىنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىسا، ئۇۋا ئارىلىقىنى 15 ـ 20 سانتىمېتىردىن قىلىپ، ھەر مو يەردە 8000 ـ 11000 ئەتراپىدا ئۇۋىلاپ تېرىشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

**5.پەرۋىشى:** (1) يالتىراقنى ئاسراپ، نەملىكنى ساقلاش: تېرىغاندىن كېيىن يالتىراق يوپۇقنى دائىم تەكشۈرۈپ، يىرتىلغان، شامال كىرىدىغان جايلىرى بايقالسا دەرھال توپا تاشلاپ مەھكەم ئېتىش لازىم. (2) مايسىلارنى تەكشۈرۈپ، تولۇقلاپ تېرىش: مايسا ئۈنۈش مەزگىلىدە مايسىنىڭ ئۈنۈش ئەھۋالىنى دائىم تەكشۈرۈپ مايسىنىڭ توپىدىن چىقالمىغان ئەھۋاللىرى بايقالسا تۆشۈك ئېچىپ مايسا ئازاد قىلىش، مايسا ئۈنۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇرۇق سېلىش تۆشۈكىنى مەھكەم ئېتىش ھەم تەكشۈرۈپ ۋاقتىدا تولۇقلاپ تېرىپ، مايسىنىڭ تولۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. (3) ئوت ـ چۆپلەرنى يوقىتىش: مايسا ئۈنگەندىن كېيىن، ئوت ـ چۆپلەرنى ۋاقتىدا يوقىتىش لازىم، يالتىراق يوپۇق ئاستىدىكى ئوت ـ چۆپلەرنى توپىدا باسۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئوت ـ چۆپ ئۈنگەنلىكى جاينى توپىدا باسۇرۇپ، چۆنەك ئىچىدىكى ئوت ـ چۆپلەرنى كولتىۋاتسىيە قىلىشقا بىرلەشتۈرۈپ ئوتاش كېرەك. (4) بويىغا زورلاپ ئۆسۈشىنى كونترول قىلىش: يەر ياڭنىقى چېچەكلەشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ياكى كۆپلەپ چېچەكلەش مەزگىلىدە ھەر مو يەر يەرگە 100-80PPM لىق 3 ـ 5 گىرام بوغۇم قىسقارتىش دورىسىغا 30~45 كىلوگىرام سۇ ئارىلاشتۇرۇپ پۈركۈسە، باراقسان ئۆسكەن ئېتىزلارغا 15 كۈندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم پۈركۈپ، بويىغا زورلاپ ئۆسۈشىنى كونترول قىلىش كېرەك. (5) يوپۇرماقلارنى ئاسراپ، زەئىپلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش: چېچەكلەپ يىگنە يوپۇرماق چىقىرىش مەزگىلى ۋە مېۋىسى تولۇش مەزگىلىدە ئوغۇتسىراش ئەھۋالى كۆرۈلسە كالىي دى ھىدرو فوسفات (磷酸二氢钾) نىڭ 0.2% ـ 0.3% لىك ئېرىتمىسىنى 2 ـ 3 قېتىم پۈركۈش ياكى كالتسىي سوپېرفوسفات (过磷酸钙) نىڭ 2% لىك ئېرىتمىسىگە 1% لىك ئورىيا ئارىلاشتۇرۇپ قوشۇمچە ئوغۇتلاش

لازىم. (6) كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:
① يوپۇرماق داغ كېسىلى: كېسەللىك پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەز ـ گىلىدە باۋىستىن (多菌灵) نىڭ 800～1000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى 10～15 كۈندە بىر قېتىمدىن ياكى 200:2:1 (مىس سۇلفات، ھاك، سۇ) نىسبەتلىك بوردۇ سۇيۇقلۇقىنى 2～3 قېتىم پۈركۈش كېرەك؛ ② ماي قوڭغۇز لىچىنكىسى، موزايۋېشى: ھەر مو يەرگە 2.5% لىك دىپتېرېكس (敌百虫) قا 1.5～2 كىلوگىرام توپا ئارىلاشتۇرۇپ، زەھەرلىك توپا ياساپ، يەر ەتلەش، قىر سېلىشقا بىرلەشتۈرۈپ تۇپراققا ئارىلاشتۇرۇش كېرەك؛ ③ كۆكپىت: يۇقىرى ئۈنۈملۈك، زەھىرى ئاجىز، ئۇزاق ئۈنۈم بېرىدىغان دېھقان ـ چىلىق دورىلىرىدىن مەسىلەن: 30% لىك ياكېلىكنىڭ نەملىنىشچان دورىسىنىڭ 2000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسى ياكى 10% لىك ئىمىداكلورىد (吡虫啉) نەملى ـ نىشچان دورىسىنىڭ 4000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى پۈركۈش لازىم؛ ④ قىزىل ئۆمۈچۈك: پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە 4.8% لىك پىيرىدا ـ بېن (哒螨灵) نىڭ 1000～1500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى 7～10 كۈندە بىر قېتىمدىن، ئۇزۇلدۇرمەي 3～4 قېتىم پۈركۈش لازىم.

**6. مۇۋاپىق مەزگىلدە يىغىۋېلىش:** يالتىراق يوپۇق يېپىپ ئۆستۈ ـ رۈلگەن يەر ياڭىقى ئوچۇقچىلىقتا ئۆستۈرۈلگەن يەر ياڭىقىدىن 7～10 كۈن بالدۇر پىشىدۇ، يەر ياڭىقىنىڭ ئۆسۈشتىن توختىغان، ئۈستىدىكى يوپۇر ـ ماقلىرى سارغايغان، ئاستىدىكى يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈشكە باشلىغان مەز ـ گىلى كۆپ ساندىكى يەر ياڭىقى مېۋىسىنىڭ پىشقانلىقىنىڭ بەلگىسى بو ـ لۇپ، يىغىۋېلىش مەزگىلىگە كىرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، رايونىمىزدا 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرا، ئاخىرىغا توغرا كېلىدۇ. يىغىۋېلىشتا قانچىلىك يەردىكى يەر ياڭىقى پىشسا شۇنچىلىك يەردىكىنى يىغىپ 2～7 كۈن ئاپتاپقا سې ـ لىپ، مېۋىنى سىلكىگەندە ئىچىدىكى ئۇرۇقنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغۇدەك بول ـ غاندا يىغىۋالسا بولىدۇ. يەر ياڭىقىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن، كېرەكسىز يالتىراق يوپۇقنى ۋاقتىدا، پاكىز يىغىپ، تۇپراق بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. (03)

# قوغۇننى قوش يالتىراق يوپۇق يېپىپ ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى

مەسۇت زايدىن رىشىدىگۇل مەسۇت
(توقسۇن ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 838100)

قوغۇن رايونىمىزنىڭ ئاساسلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنى ئاشۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. لېكىن ناھىيەمىزنىڭ تېرىلغۇ يەر كۆلىمى چەكلىك، بولۇپمۇ ئەتىياز پەسلىدە بوران ـ شامال كۆپ چىقىدىغان بولغاچقا، قوغۇننى بازارغا بالدۇر چىقىرىش، بوران ئاپىتىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قوش يالتىراق يوپۇق يېپىپ قوغۇن ئۆستۈرۈش ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**1. ئورۇق تاللاش:** رايونىمىزغا ماس كېلىدىغان، ئىشلەپچىقىرىش سىنىقىدىن ئۆتكەن، توشۇشقا، ساقلاشقا چىداملىق، ئەلا سۈپەتلىك، تاۋارلىق خۇسۇسىيىتى ياخشى، بازىرى ئىتتىك سورتلارنى تاللاش كېرەك.

**2. يەر تاللاش:** ئالدىنقى ئېكىنىزغا قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىلمىغان، سۇغىرىش ۋە سۇ چىقىرىۋېتىش شارائىتى ياخشى، قۇمساڭ ئەت تۇپراقنى تاللاش كېرەك. يەرگە كۈزدە توڭ ياتقۇزۇپ، ئەتىيازدا تۇپراق توڭى ئېرىگەندە يەنى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنلىرى ئەتراپىدا چۆنەك تاختىسى ئورنىغا ئېرىقتىن ـ ئېرىقچە تۆت مېتىر قىلىپ بەلگە سېلىپ، قوغۇن تېرىلىدىغان ئورۇنغا تىراكتور بىلەن چوڭقۇر ئېرىق ئېچىپ، ھەر مويەرگە 4000 كىلوگىرام تولۇق چىرىگەن ئورگانىك ئوغۇت تەييارلاپ، ئوغۇتنى ئېرىققا چېچىپ ئاندىن قوغۇن ئېرىقنى چېپىش كېرەك. قوغۇن ئېرىقنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى 60 سانتىمېتىر، كەڭلىكىنى 120 سانتىمېتىر قىلىش، ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 60 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا، جەنۇب شىمال يۆنىلىشتە ئېرىق چېپىش كېرەك. ئېرىقنى چېپىپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى قېتىم قاندۇرۇپ سۇغىرىش كېرەك.

**4. يەرگە يالتىراق يوپۇق يېپىش:** قاندۇرۇپ سۇغىرىلغان قوغۇن ئېرىدىقىغا 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئۈستىنكى قاتلام نېپىز قورۇق توپىنى ئېلىۋېتىپ تەكشىلەپ، كەڭلىكى 70 سانتىمېتىر كېلىدىغان يالتىراق يوپۇق يېپىپ، 2 ـ 3 كۈن ئىچىدە توپ ئارىلىقىنى 45 ـ 50 سانتىمېتىر، تېرىش چوڭقۇرلۇقىنى 2 ـ 3 سانتىمېتىر قىلىپ، ئېرىقتىن 10 سانتىمېتىر ئىچىگە ئۇۋا ئېچىپ،

ھەربىر ئۆۋۈنغا 1 ـ 2 تال ئۇرۇق سېلىپ، ئۈستىگە نەم توپا يېپىتىش كېرەك.

**5. كىچىك يالتىراق كېمىر ياساش:** تېرىپ بولغاندىن كېيىن، ھەر ئىككى مېتىرگە بىردىن كىچىك كېمىر ياساش كېرەك.

**6. پەرۋىشى:** كىلىماتقا قاراپ، مايىسا 5 ـ 6 تال يوپۇرماق چىقارغاندا كىچىك يالتىراق كېمىردىكى يالتىراقنى ئېلىۋېتىش، ئاندىن كېيىن پەلەك باستۇرۇپ پىلەك تاراش كېرەك. 1 ـ يوپۇرماقتىن 7 ـ يوپۇرماقىچە يوپۇرماق قولتۇقىدىن ئۆسۈپ چىققان بىخنى ئېلىۋېتىپ، 8 ـ، 9 ـ 10 ـ بوغۇملاردا خەمەك قالدۇرۇش كېرەك، سۇغىرىش، ئوغۇتلاش قاتارلىق پەرۋىشنى ئادەتتىكى قوغۇن پەرۋىشىگە ئوخشاش ئىشلىسە بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندا 4 ـ ئايدىكى سوغۇق ھاۋا ۋە بورانلىق ھاۋانىڭ تەسىرىدىن ساقلىنىپ، مايىسىنىڭ تېز ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىپ، يۇقىرى تېمپېراتۇرا سەۋەبىدىن خەمەك توختىماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ. ئادەتتىكى قوغۇندىن 10 ـ 15 كۈن بالدۇر بازارغا چىقىرىپ، ئىقتىسادىي قىممەتنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. (03)

---

(بېشى 8 ـ بەتتە)

**4. يىغىۋېلىش:** چېچەكنى ئۈزگەندە گۈل بەرگىنىڭ 2/3 قىسمى ئېچىلىپ بولغاندا ئۈزۈش، ئۈزگەندە گۈل بەرگىنىڭ تۈۋىدىن ئۈزۈش، ھەرگىز مۇ غول قىسمى بىلەن قوشۇپ ئۈزمەسلىك، ئۇنداق بولمىغاندا گۈل چاينىڭ تېز، سۈپەتلىك قۇرۇشىغا، رەڭگى ۋە ساپلىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ.

**5. قۇرۇتۇش:** گۈل چاينى قۇرۇتقاندا قۇرغاق، شامال ئۆتۈشىدىغان، كۈن نۇرى بىۋاستە چۈشمەيدىغان ئۆي ئىچىدە تەكشى يېيىپ قۇرۇتۇش، ئەڭ ياخشىسى سىم تور جازا ئۈستىدە قۇرۇتسا ھەم تېز ھەم سۈپەتلىك قۇرۇتقىلى بولىدۇ. نېپىز بىر قەۋەت قىلىپ تەكشى يېيىتىش، قۇم ـ بوراندىن ساقلىنىپ گۈل چاينىڭ توپا چاڭلىرى بىلەن ئارىلىشىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. گۈل چاي تولۇق قۇرۇپ بولغاندىن كېيىن پاكىزە رەخت خالتىغا ئېلىپ ھاۋا ئۆتىشىدىغان جايدا ساقلاش كېرەك. (03)

# پارنىكتا قوروما كاۋىسى ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى

ئىبراھىم
(غۇلجا شەھىرى توغراق يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 835000)

**1. سورت تاللاش:** پارنىكتا قوروما كاۋىسى ئۆستۈرگەندە ئاسانلا كۈيدۈرگە كېسىلى، ۋىرۇس كېسىلى قاتارلىق كېسەللىكلەر كۆرۈلىدۇ. شۇڭا سورت تاللىغاندا يۇقىرىقى كېسەللەرگە چىداملىقى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان «زاۋچىڭ 1 - ئەۋلاد قوروما كاۋىسى» ۋە «چىڭسۈي» قاتارلىقلارنى تاللاپ تېرىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا فىرانسىيە دۇڭيۇ سورتى، ئامېرىكا 4094 سورتى قاتارلىقلارمۇ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**2. مايسا يېتىشتۈرۈش:** قوروما كاۋىسى يۇقىرى تېمپېراتۇرىغا چىدامسىز بولۇپ، تېمپېراتۇرا 28℃ تىن ئېشىپ كەتسە ئۈچ كۈن ئىچىدىلا ۋىرۇس كېسىلى پەيدا بولىدۇ. شۇڭا تېمپېراتۇرىنى ياخشى كونترول قىلىش كېرەك.

**3. ئوزۇقلۇق توپا تەييارلاش:** تۆت ئۈلۈش تولۇق چىرىگەن ئورگانىك ئوغۇت، ئالتە ئۈلۈش مىكروبسىز توپا، 0.4% فوسفورلۇق ئوغۇت، 0.04% باۋىستىن (多菌灵) قاتارلىقلارنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، بىر ھەپتە دۆملىگەندىن كېيىن ئوزۇقلۇق قاچىسىغا قاچىلاپ ئىشلەتسە بولىدۇ.

**4. بىخلاندۇرۇش:** ئۇرۇقنى 38℃ لۇق سۇغا ئالتە سائەت چىلاپ ئاندىن بىخلاندۇرۇپ تېرىش كېرەك.

**5. تېرىش:** ئوزۇقلۇق قاچىسىدىكى توپىنى قاندۇرۇپ سۇغىرىپ، سۇ سىڭىپ بولغاندىن كېيىن 500 ھەسسىلىك باۋىستىن سۇيۇقلۇقى چېچىپ دېزىنفېكسىيە قىلىنىدۇ. بىخلانغان ئۇرۇقنىڭ بىخىنى تۆۋەنگە قارىتىپ تېرىپ، ئۈستىنى ئىككى سانتىمېتىر قېلىنلىقتا توپا بىلەن كۆمۈش كېرەك، بۇ مەزگىلدە تېمپېراتۇرا ئۆرلەپ كەتسە پارنىك ئۈستىگە سايە چۈشۈرۈش تورى يېپىپ سايە چۈشۈرۈش لازىم.

**6. مايسا كۆچۈرۈش:** مايسا كۆچۈرۈشتىن ئۈچ كۈن بۇرۇن ھەرمو يەرگە ئەلا سۈپەتلىك ئورگانىك ئوغۇتتىن 4000 - 5000 كىلوگىرام بېرىپ، كەڭ قۇرنى 80 سانتىمېتىر، تار قۇرنى 60 سانتىمېتىر قىلىپ،

5 ـ 7 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا چۆنەك ئېچىپ، ھەر مو يەرگە يەتتە كىلوگىرام بىرىكمە ئوغۇت بېرىپ، تۈپ ئارىلىقىنى 40 سانتىمېتىر قىلىپ، ھاۋا تۇتۇق كۈنلىرى مايسا كۆچۈرۈپ دەرھال سۇغىرىش كېرەك. ھەر مو يەردە 2500 تۈپ مايسا بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

**7. تېمپېراتۇرا ۋە نەملىكنى كونترول قىلىش:** قورۇما كاۋىسنى پارنىكتا ئۆستۈرگەندە ئادەتتە ئۇدا ئۈچ كۈن سىرتنىڭ تېمپېراتۇرىسى 6℃ تىن تۆۋەن بولغاندا پارنىك يالتىرىقىنى يېپىش لازىم. تېمپېراتورا سەل ئۆرلىگەندە كۈندۈزى ھاۋا ئالماشتۇرۇپ، كەچتە ھىم يېپىش كېرەك. قورۇما كاۋىسى پارنىك نەملىكى %75، تۇپراق نەملىكى %20 بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەگەر ھاۋا نەملىكى يۇقىرى بولسا يۇقۇملىنىش كېسىلى ۋە كۆلرەڭ پاختىلىشىش كېسىلى پەيدا بولىدۇ.

**8. سۇغىرىش، ئوغۇتلاش:** قورۇما كاۋىسىغا قوشۇمچە ئوغۇت بېرىشتە ئازوتلۇق ئوغۇتنى ئاساس قىلىش كېرەك. دەسلەپكى 3 ـ 4 مېۋە چۈشكەندىن كېيىن، بىر قېتىم ھەر مو يەرگە 15 كىلوگىرام ئورىيا (尿素) نى سۇدا ئېقىتىپ بېرىش، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەر ئىككى مېۋە چۈشكەندىن كېيىن بىر قېتىمدىن 20 كىلوگىرام ئورىيانى سۇدا ئېقىتىپ بېرىش، ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى مەزگىلدە ئازوت ۋە كالىيلىق ئوغۇتلارنى تولۇقلاپ بېرىش كېرەك.

**9. پىلەك تاراش:** قورۇما كاۋىسى ئۆستۈرۈشتە تاق پىلەكتە مېۋە قالدۇرۇشنى ئاساس قىلىش كېرەك. ئۆسۈش مەزگىلىدە ئۇچىنى ۋە سارغايغان يوپۇرماقلارنى ئېلىۋېتىپ، ئوزۇقلۇق ئىسراپ بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ھاۋا ئۆتۈشۈش شارائىتىنى ياخشىلاش كېرەك.

**10. كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** (1) دېھقانچىلىق تېخنىكىسى ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىپ يوقىتىش: كېسەلگە چىداملىق سورتلارنى تېرىش، نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش قا-

# يارنىكتا شوخلا مايسىسى يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلى

نۇسرەتگۇل قۇتىدىن
(توقسۇن ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 838100)

**1. مايسا يېتىشتۈرۈشتىن بۇرۇنقى تەييارلىق:** (1) ئۇرۇق تاللاش:
ئىستېمال تەلىپى، بازار ئېھتىياجىغا قاراپ شۇ جاينىڭ ھاۋا كىلىماتىغا
ماس كېلىدىغان، كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتكە چىدامچانلىقى كۈچلۈك،
مەھسۇلاتى يۇقىرى، ئەلا سۈپەتلىك سورتلارنى تاللاش كېرەك؛ (2) مايسا
يېتىشتۈرۈش ۋاقتى: شوخلىنىڭ مايسا يېشى، تىكىش ۋاقتىغا قاراپ تېرىش
ۋاقتى بەلگىلىنىدۇ. شوخلىنىڭ مايسا يېشى 60 ـ 70 كۈن ئەتراپىدا بولسا
بولىدۇ. (3) ئوزۇقلۇق توپا تەييارلاش ۋە دېزېنفېكسىيە قىلىش: مايسا يې-
تىشتۈرۈشتىن بىر ئاي بۇرۇن سۇ، ئوغۇت ساقلاش ئىقتىدارى كۈچلۈك،
كېسەللىك، زىيانداش ھاشارات بولمىغان، ئۈچ يىل ئۇدا كۆكتات تېرىلمى-
غان قۇمساڭ ئەت تۇپراق ياكى سامساق، پىياز تۆرىدىكى كۆكتاتلار تېرىلغان
باغ تۇپىسى بىلەن چىرىگەن ئورگانىك ئوغۇتنى 6:4 نىسبىتى بويىچە ئا-
رىلاشتۇرۇپ، قۇرۇتۇپ يانچىپ تاسقاپ، ھەر كۇب مېتىر توپىغا بىر كىلو-

تارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىش؛ (2) فىزىكىلىق ئالدىنى ئېلىش: كېچە ـ
كۈندۈز تېمپېراتۇرا پەرقىنى چوڭايتىپ، مايسىنىڭ كېسەلگە چىدامىلىقىنى
ئاشۇرۇش، سېرىق تاختاي، شېكەر ـ ئاچچىقسۇ سۇيۇقلۇقى، تەۋرەنمە
چاستوتىلىق ھاشارات يوقىتىش چىرىغى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ، ئاق
توزان پىت، كۆك پىت قاتارلىقلارنى ئالداپ يوقىتىش؛ (3) بىيولوگىيەلىك
ئالدىنى ئېلىش: ئاۋېيمىتسون (阿维菌素) ئارقىلىق يەر ئاستى زىيانداش
ھاسار اتلارنى يوقىتىش، يەتتە داغلىق خانقىز ئارقىلىق كۆك پىتنى يوقى-
تىش؛ (4) خىمىيەلىك ئۇسۇلدا ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش: كېسەللىك
بايقالغان ھامان دورا چېچىپ، كېسەلنى كونترول قىلىش كېرەك. كۆي-
دۈرگە كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا شىنۋەنشېڭ (新万生) نى 800 ھەس-
سە سۇيۇلدۇرۇپ چاچسا بولىدۇ. (02)

گرام ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات (磷酸二铵) ئارىلاشتۇرۇش كېرەك. ئۈزۈقلۇق توپىنى دېزىنفېكسىيە قىلىشتا ھەر كۇب مېتىر ئۈزۈقلۇق توپىغا 80 گرام مېتىل توپسىن (甲基托布津) ياكى باۋستىن (多菌灵) نى سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ چاچقاندىن كېيىن، يالتىراق بىلەن چۈمكەپ 3 ـ 5 كۈن دۈملەش لازىم. تەييارلىنىۋالغان ئۈزۈنلۇق توپىنى تېرىشتىن بۇرۇن مايسىزارلىق تاختىسىغا تەكشى يېيىتىش ياكى مايسا يېتىشتۈرۈش ئاساسىي ماددىسىنى سېتىۋېلىپ 72 تۆشۈكلۈك مايسا يېتىشتۈرۈش پەتنۇسىغا قاچىلاپ ئۇرۇقنى تېرىش ياكى مايسا يېتىشتۈرۈش تاختىسىنى تەكشىلەپ 10×10 لىق مايسا يېتىشتۈرۈش قاچىسىغا ياكى 72 توشۇكلۇك مايسا يېتىشتۈرۈش پەتنۇسىغا ئۈزۈقلۇق توپا قاچىلاپ رەتلىك تىزىش كېرەك.

**2. ئۇرۇقنى بىر تەرەپ قىلىش:** (1) ئۇرۇقنى دېزىنفېكسىيە قىلىش: 10% لىك ئۈچ ناترىيلىق فوسفات (硫酸三钠) ئېرىتمىسىگە 10 ـ 15 مىنۇت ياكى 1% لىك مىس سولفات (硫酸铜) ئېرىتمىسىگە بەش مىنۇت چىلاپ، ئاندىن پاكىز سۈزۈك سۇدا ئۇرۇقنى چايقاش كېرەك. (2) ئۇرۇقنى ئىسسىق سۇدا بىر تەرەپ قىلىش: ئۇرۇقنى دېزىنفېكسىيەلەشتە ئۇرۇقنى 55℃ لۇق ئىسسىق سۇغا ئۇدۇللۇق سېلىپ، 15 ـ 20 مىنۇت ئەتراپىدا توختىماستىن تەكشى ئارلاشتۇرۇپ، سۇ تېمپېراتۇرىسى 30℃ قا چۈشكەندە ئارلاشتۇرۇشنى توختىتىپ، ئادەتتىكى تېمپېراتۇرىدا 4 ـ 6 سائەت تۇرغۇزۇپ، ئاندىن ئۇرۇقنى ھول داكىغا ئوراپ، 25℃ ـ 28℃ لۇق شارائىتتا بىخلاندۇرۇش كېرەك. بىخلاندۇرۇش جەريانىدا، ھەر كۈنى ئۇرۇقنى ئىلمان سۇدا 1 ـ 2 قېتىم چايقاپ، ئۇرۇقتىكى يېپىشقاق ماددىلار چىقىرىۋېتىش لازىم. ئادەتتە 48 سائەتتە ئۇرۇق 60% ـ 70% بىخلىنىپ ئۈچى ئاقارغاندا تېرىلىدۇ.

**3. تېرىش:** تېرىش مىقدارى بىر كىۋادرات مېتىر يەرگە 20 ـ 25

گىرام ئۇرۇق چېچىپ، ئۈستىنى بىر سانتىمېتىر قېلىنلىقتا يۇمشاق توپا بىلەن كۆمۈش لازىم.

**4. مايسا مەزگىلىدىكى پەرۋىشى:** مايسا ئۈنگۈچە تېمپېراتۇرا، نەملىك يۇقىرى بولۇشى، ئۇرۇقنى تېرىپ بولغاندىن كېيىن مايسىزارلىق نەملىكىنى 80% ـ 80 تە، تېمپېراتۇرىسىنى كۈندۈزى 25℃ ـ 28℃ ئەتراپىدا، كېچىسى 18℃ ـ 20℃ ئەتراپىدا كونترول قىلىش كېرەك. ئۇرۇق ئۈنۈپ بولغاندىن كېيىن، كۈندۈزى تېمپېراتۇرىنى 23℃ ـ 25℃ تا، كېچىسى 15℃ ـ 18℃ تا ساقلاش، ھەقىقىي يوپۇرماق چىقارغاندىن كېيىن تېمپېراتۇرىنى كۈندۈزى 25℃ ـ 30℃ تا، كېچىسى 15℃ ـ 18℃ تا ساقلاش كېرەك. تېمپېراتۇرىنى مايسا ئۈنۈشتىن بۇرۇن يۇقىرى، ئۈنگەندىن كېيىن تۆۋەن. كۈندۈزى يۇقىرى، كېچىسى تۆۋەن. ھاۋا ئوچۇق كۈنى يۇقىرى، ھاۋا تۇتۇق كۈنى تۆۋەن قىلىش لازىم.

**5. مايسىنى چېنىقتۇرۇش:** مايسىنى كۆچۈرۈپ تىككەندىن كېيىنكى مۇھىتقا ماسلاشتۇرۇش، ئەسلىگە كېلىش ۋاقتىنى قىسقارتىش، تۇتۇش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، تىكىشتىن 7 ـ 10 كۈن بۇرۇن تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا چېنىقتۇرۇلىدۇ. كۈندۈزى 20℃ ئەتراپىدا، كېچىسى 10℃ ئەتراپىدا كونترول قىلىنغاندا غەيرى مايسا، قېرى مايسا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

**6. كېسەللىك، زىيانداش ھاشارەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** مايسا يېتىشتۈرگەندە ھاۋا ئالماشتۇرۇپ، تېمپېراتۇرا، نەملىكنى تەڭشەشكە دىققەت قىلسا، مايسا يېتىپ كېتىش، تىك قۇرۇش كېسىلى قاتارلىقلارنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. 70% لىك تىرىزىسمان (代森锰锌) نىڭ 600 ـ 800 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى ھەر يەتتە كۈندە بىر قېتىم، جەمئىي 2 ـ 3 قېتىم پۈركۈش كېرەك. (03)

# پارنىكتا شوخلا مايسىسىنى كۆچۈرگەندىن كېيىنكى پەرۋىشى

مەريەم توختى
(ئۈنسۇ ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك رادىيو ـ تېلېۋىزىيە مەكتەپىدىن 843100)

**1. تېمپېراتۇرىنى تەڭشەپ تىزگىنلەش:** مايسا كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن ھاۋا ئالماشتۇرماي يۇقىرى تېمپېراتۇرا ۋە يۇقىرى نەملىك ھازىرلاپ، پارنىك تېمپېراتۇرىسىنى كۈندۈزى 30℃ ـ 32℃ تا، كېچىسى 15℃ ـ 20℃ تا، تۇپراق تېمپېراتۇرىسىنى 20℃ ـ 22℃ تا، نىسپىي نەملىكىنى 80% تە تىزگىنلەش كېرەك. ئەگەر پارنىك تېمپېراتۇرىسى 30℃ تىن ئېشىپ، كۆچۈرۈلگەن مايسىلاردا سولىشىش ئەھۋالى كۆرۈلسە دەرھال سايە چۈشۈرۈپ، مايسىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى تېزلىتىش لازىم. مايسا ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ھاۋا ئالماشتۇرماي پارنىك تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەشكە دىققەت قىلىش لازىم. ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى چۈشتە تېمپېراتۇرىسىنى 30℃ تىن ئاشۇرماسلىق، چۈشتىن كېيىن 23℃ ـ 25℃ تا تىزگىنلەش، ئالدىنقى يېرىم كېچىدە 12℃ ـ 15℃ تا، كېيىنكى يېرىم كېچىدە ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىنى 8℃ ـ 10℃ تا تىزگىنلەش كېرەك.

**2. سۇغىرىش ۋە ئوغۇتلاش:** ئوغۇتلاشتا تولۇق چىرىگەن ياكى سۇيۇقلاندۇرۇلغان ئورگانىك ئوغۇتلارنى ئىشلىتىپ، شوخلىنىڭ ئوغۇتقا ئېھتىياجى ۋە تۇپراق ئۈنۈمدارلىقىغا ئاساسەن مۇۋاپىق قوشۇمچە ئوغۇتلاش، خىمىيەۋى ئوغۇتنى كۆپ ئىشلىتىۋېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك. شوخلىنىڭ بىرىنچى مېۋىسى چۈشۈشتىن ئىلگىرى سۇغارماسلىق، مېۋىسى يوغىناپ ياڭاقچىلىق بولغاندا بىرىنچى سۇينى قويۇش لازىم. بىرىنچى قېتىم قوشۇمچە ئوغۇت بېرىشتە تولۇق چىرىگەن سۈپەتلىك توخۇ مايىقى، كۈنجۈرنى ئاساس قىلىپ ھەر تۈپكە 30 گىرام توخۇ مايىقى، 15 گىرام كۈنجۈر ئوغۇتىنى ئارىلاشتۇرۇپ، تۈپتىن 15 سانتىمېتىر ئارىلىق قالدۇرۇپ كۆمۈپ ئوغۇتلاش، ئوغۇتلاپ بولغاندىن كېيىن دەرھال سۇغىرىش كېرەك. باش ئەتىيازدا شوخلىنىڭ تۈنجى مېۋىسىنى ئۈزۈشكە باشلىغاندا

ئىككىنچى قېتىملىق قوشۇمچە ئوغۇت بېرىش كېرەك، ئوغۇتلاش ئۇسۇلى بىرىنچى قېتىملىق ئوغۇتلاش بىلەن ئوخشاش بولسا بولىدۇ. كۆپ مېۋىلەش مەزگىلىدە تۇپراقنىڭ نەملىك ئەھۋالىغا ئاساسەن ھەر يەتتە كۈندە بىر قېتىم سۇغىرىش لازىم. چېچەكلەش مەزگىلىدە كالىي دى ھىدرو فوسفات (磷酸二氢钾) ۋە مىكرو مىقدارلىق ئوغۇت (微肥) بىلەن كۆپرەك ئوغۇتلاش، شۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇپ شوخلا مايسىلىرىنىڭ قۇر ۋە تۈپ ئارىلىقىنى مۇۋاپىق كەڭ قويۇپ يورۇقلۇق شارائىتىنى ياخشىلاش كېرەك.

**3. كاربون تۆت ئوكسىد تولۇقلاش:** پارنىكتا قىش پەسلىدە كۆكتات ئىشلەپچىقىرىشتا تېمپېراتۇرا تۆۋەن، يورۇقلۇق ئاجىز بولغاچقا فوتوسىنتېز رولى مەلۇم دەرىجىدە چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا مۇۋاپىق پەيتتە كاربون توت ئوكسىد تولۇقلاپ، كۆكتات مەھسۇلاتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە دىققەت قىلىش لازىم، كاربون تۆت ئوكسىد تولۇقلاش ۋاقتى دەل شوخلىنىڭ 1 ـ ۋە 2 ـ گۈل رېتىمدە چۈشكەن مېۋىسى يوغىناۋاتقان مەزگىل بولۇپ، ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى چۈشتىن ئىلگىرى سائەت 10 ـ 12 ئەتراپىدا كاربون تۆت ئوكسىدنى 1000ppm ـ 1500ppm قويۇقلۇقتا تولۇقلاش كېرەك.

**4. چېچەك، مېۋىسىنى قوغداش:** پارنىكنىڭ كېچىلىك تېمپېراتۇرىسى 15℃ تىن ياكى 12℃ تىن تۆۋەن بولغاندا چېچەكلەرنىڭ يېتىلىشى ۋە چاڭلىنىشى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، كۆپ مىقداردا چېچەك تۆكۈلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن توماتوتون (番茄灵) نى 25ppm–35ppm قويۇقلۇقتا تەڭشەپ چېچەككە پۈركۈسە ياكى 2.4–D نى 15ppm ـ 20ppm قويۇقلۇقتا تەڭشەپ كىچىك تېپىكى پۈركۈگۈچ بىلەن چېچەككە پۈركۈسە ياكى قىزىل رەڭ بىلەن بەلگە سېلىنمىدىغان دورا سۈيۈقلۇقىنى چېچەك بېغىشىغا سۈرسە، غەيرىي شەكىللىك مېۋە چۈشۈشتىن ساقلانغىلى ھەم چېچەك، مېۋە تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. (05)

# پارنىكتا كۆدە ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى

گۈلبىرا ماناپ
(توقسۇن ناھىيە شاھ يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 838100)

**1. سورت تاللاش:** «دۇگىنخوڭ» (独根红)، «فۇجيۇ ـ 6» (富韭6号) قاتارلىق يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، كېسەللىككە چىداملىقى كۈچلۈك، تۆۋەن تېمپېراتۇرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان سورتلارنى پارنىكتا ئۆستۈرسە بولىدۇ.

**2. يەرگە ئىشلەش:** تۇپراق ئۇنۇمدارلىقى يۇقىرى، 1 ـ 2 يىل پىياز تېرىلىدىكى كۆكتاتلار تېرىلمىغان قۇمساڭ ئەت تۇپراقنى تاللاپ، ھەر مو يەرنى 5000 مىڭ كىلوگىرام چىرىگەن ئورگانىك ئوغۇت، 50 كىلوگىرام بىرىكمە ئوغۇت ياكى 50 كىلوگىرام ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات (磷酸二铵) بىلەن ئوغۇتلاپ، چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ تەكشىلەش كېرەك. تېرىشتىن بۇرۇن تۇپراقنى باۋستىن (多菌灵) دورىسى بىلەن دېزىنفېكسىيە قىلىش، پارنىكنى ئىسلىغۇچى دورىلار بىلەن ئىسلاش ئارقىلىق، كېسەللىك، زىيانداش ھاشارات پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

**4. تېرىش:** كۆدىنى بىۋاسىتە تېرىسا 3 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىن ئاخىرىغىچە تېرىسا بولىدۇ. ئادەتتە ھەرمو يەرگە 3 ـ 5 كىلوگىرام ئۇرۇق تېرىلىدۇ. تېرىشتا جەنۇب شىمال يۆنىلىشى بويىچە قۇر ئارىلىقىنى 15 ـ 20 سانتىمېتىر، تۈپ ئارىلىقىنى 8 ـ 10 سانتىمېتىر قىلىپ، ھەربىر ئۆۋىگە 8 ـ 10 تال ئۇرۇق سېلىپ، ئۈستىگە 1.5 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا ئۆستەڭ قۇمى يېيىپ سۇغىرىپ كېرەك.

**5. كۆچۈرۈپ تىكىش:** پارنىكقا كۆدە مايسىسىنى كۆچۈرۈپ تىكىش ئۈچۈن، ئاۋۋال ئەتىيازدا بىر پۇڭ يەرگە 4 ـ 5 كىلوگىرام ئۇرۇقنى تېرىپ، مايسا ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىن پات ـ پات سۇغىرىپ ۋە مۇۋاپىق ئوغۇتلاپ، مايسا يېشى 100 كۈنلۈك بولغاندا، تىمەن ئۆسكەن مايسىلارنى

تاللاپ، 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە پارنىكقا كۆ-چۈرۈپ تىكسە بولىدۇ. مايسا كۆچۈرۈپ تىكىشتىن بۇرۇن ھەر مو يەرگە 5000 ـ 6000 كىلوگىرام مەھەللىۋى ئوغۇت، 20 ـ 30 كىلوگىرام بىر-رىكمە ئوغۇت، 50 كىلوگىرام ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات، 4000 ـ 5000 كىلوگىرام ئۆستەڭ قۇمى تۆكۈپ ئاغدۇرۇپ تۇپراققا تەكشى ئا-رىلاشتۇرۇش كېرەك. مايسا كۆچۈرۈپ تىكىشتە جەنۇب شىمال يۆنىلىشى بويىچە، قۇر ئارىلىقىنى 15 ـ 20 سانتىمېتىر، تۈپ ئارىلىقىنى 8 ـ 10 سانتىمېتىر قىلىپ، ھەربىر ئۇۋىغا 8 ـ 10 تۈپ مايسا كۆچۈرۈپ تىكسە بولىدۇ، مايسا كۆچۈرۈپ تىكىشتىن ئاۋۋال يىلتىزىنى 8 ـ 10 سانتىمېتىر قالدۇرۇپ كېسىۋېتىش كېرەك.

**6. پەرۋىشى:** مايسا ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ياكى بىۋاستە تېرىغان ئۇرۇق ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىن، 10 سانتىمېتىر ئېگىز ئۆسكەندە ھەر مو يەرگە 8 ـ 10 كىلوگىرام ئورىيا (尿素) نى چېچىپ سۇغىرىش كې-رەك. ھاۋا تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ پارنىكنىڭ تېم-پېراتۇرا، نەملىكىنى مۇۋاپىق تەڭشەش كېرەك. ئوت ـ چۆپلەرنى ۋاقتىدا ئوتاپ، كۆدىنىڭ ئۆسۈشىگە تەسىر يەتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

**7. ئورۇش:** قىشتا تىنچلىنىش ھالىتىگە كىرمەيدىغان سورتلارنى 10 ـ ئايدا ئورىۋېتىپ ئوغۇتلىسا، كۆدە يىلتىزى تەرەققىي قىلىپ، غولى يو-غىناپ، ياخشى ئۆسىدىغان بولغاچقا، بالدۇر ئوروپ بازارغا چىقىرىپ، ئىقتىسادىي كىرىمنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. پارنىكتا كۆدە ئۆس-تۈرگەندە ئەتىيازدا پارنىكتىكى يالىتىراقنى ئېلىۋەتسە بورانىنىڭ زىيىنى-دىن ساقلانغىلى بولىدۇ. (03)

# تۇپراقنى رېتسېپلاپ ئوغۇتلاشنىڭ ئەھمىيىتى

رابىيە ياسىن
(بوگور ناھىيە بوگور بازارلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 841600)

1. تۇپراقنى رېتسېپلاپ ئوغۇتلاشتا، تۇپراق تەركىبى تەكشۈرۈپ، زىرائەتلەرنىڭ ئوزۇقلۇققا بولغان ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئوغۇت تۈرى ۋە ئوغۇتلاش مىقدارى بەلگىلىنىدۇ، بۇ ئارقىلىق زىرائەتلەرنى ئېھتىياجلىق بولغان ھەر خىل ئوزۇقلۇق بىلەن مۇۋاپىق تەمىنلەپ، زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشىنى تېزلىتىپ، مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

2. تۇپراقنى رېتسېپلاپ ئوغۇتلىغاندا، نامۇۋاپىق ئوغۇت ئىشلىتىشتىن كېلىپ چىقىدىغان بۇلغىنىشنى ئازايتىپ، تۇپراق سۈپىتىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ.

3. تۇپراقنى رېتسېپلاپ ئوغۇتلىغاندا، قارىغۇلارچە ئوغۇت ئىشلىتىشتىن كېلىپ چىقىدىغان ئوغۇت ئىسراپچىلىقىنى ئازايتىپ، ئىشلەپچىقىرىش تەننەرقىنى تۆۋەنلەتكىلى بولىدۇ.

4. تۇپراقنى رېتسېپلاپ ئوغۇتلاش ئارقىلىق، تۇپراق ئېھتىياجلىق بولغان ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتلار بىلەن زىرائەتلەر ئېھتىياجلىق بولغان ئوزۇقلۇق ئېلېمېنت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەپ، مەھسۇلات سۈپىتىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ.

5. تۇپراقنى رېتسېپلاپ ئوغۇتلىغاندا، ھەر خىل زىرائەت ۋە ھەر خىل تۇپراقتىكى ئازوت، فوسفور ۋە كالىيدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئېلېمېنتنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبىنى مۇۋاپىق نىسبەتلەشتۈرۈپ، ئەڭ ياخشى بولغان ئوغۇتلاش مىقدارى ۋە ئوغۇتلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئارقىلىق، ئوغۇت مىقدارىنى تېجەپ، ئوغۇتلاش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

6. تۇپراقنى رېتسېپلاپ ئوغۇتلىغاندا، تۇپراقنىڭ ئوزۇقلۇق كەمچىللىك ھالىتىنى ئۈنۈملۈك ياخشىلاپ، تۇپراقنىڭ ئوغۇت تەركىبىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ، مەھسۇلات مىقدارى ۋە مەھسۇلات سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

7. تۇپراقنى رېتسېپلاپ ئوغۇتلىغاندا، تۇپراقتىكى ئوزۇقلۇق قويۇقلۇقىنى تەڭشەپ، زىرائەت يىلتىز سىستېمىسىنىڭ سۈمۈرۈشىنى تېزلىتىپ، ئوغۇتتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. (05)

# خىمىيىۋى ئوغۇتنى توغرا ئىشلىتىش ئۇسۇلى

گۈلزار نۇرمەمەت گۈلنىسا قادىر
(يەكەن ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 844700)

1. بىر خىل ئوغۇت ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش لازىم. كۆڭۈلدىكىدەك ئوغۇتلاش ئۇسۇلى ئورگانىك ئوغۇت بىلەن يېتەرلىك ئوغۇتلاشتۇر. ئادەتتە ئازوتلۇق ئوغۇت، فوسفورلۇق ئوغۇت، كالىيلىق ئوغۇتلارنى مۇۋاپىق تەڭشەپ بېرىش لازىم.

2. چۈشتە يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا يىلتىز سىرتىدىن قوشۇمچە ئوغۇتلاشتىن ساقلىنىش لازىم. چۈشتە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى بولغاچقا، قوشۇمچە ئوغۇتلىغاندا ئوغۇتنىڭ پارلىنىشى تېز بولۇپلا قالماستىن، سۇيۇق ئوغۇت زىرائەت يۈزىدە ساقلانماي ئوغۇت ئىسراپ بولىدۇ.

3. ئازوتلۇق ئوغۇت بىلەن يۈزە ئوغۇتلاشتىن ساقلىنىش لازىم. ئازوتلۇق ئوغۇتنى يۈزە بەرگەندە ئازوت تەركىبىي ئاسان پارلىنىپ كېتىدۇ.

4. بىر قېتىمدا يۇقىرى قويۇقلۇقتىكى ئوغۇتلارنى زىيادە كۆپ بېرىشتىن ساقلىنىش لازىم. مەيلى ئۇرۇق ئوغۇتى بولسۇن بىر قېتىمدىلا مىقدارنى زىيادە بەرگەندە يىلتىز قىسمى زىيانغا ئۇچرايدۇ.

5. سۇغا بىرلەشتۈرۈپ ئوغۇت چېچىشتىن ساقلىنىش لازىم. ئەگەر كالىي ھىدرو فوسفات بىلەن ئورىيانى چاچقاندا، فوسفور ۋە كالىينىڭ تۇپراقتىكى يۆتكىلىشچانلىقى بىرقەدەر ئاجىز، سۇغا بىرلەشتۈرۈپ ئوغۇتلاشنىڭ ئۈنۈمدارلىقى تۆۋەن بولۇپ، ئاساسىي جەھەتتىن تۇپراق يۈزىدە ساقلىنىپ قالىدۇ.

6. پارنىك ياكى لاپاسلاردا ئاممىياك سۈيى، ئاممونىي كاربوناتنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش لازىم. چۈنكى پارنىك ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى يۇقىرى تېمپېراتۇرا ۋە يېپىق ھالەتتە بولۇپ، بۇ ئىككى خىل شارائىتتا ئوغۇت

ئاسان پارلىنىپ، ئۆسۈملۈك تۈپىنى بۇسلاپ زىيان سېلىپ، نورمال ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر يېتىدۇ.

7. ئوغۇتنىڭ خارېكتېرىگە قارىماي خالىغانچە تەڭشەپ ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش لازىم. ئەگەر ئاممونىي ھالەتتىكى ئازوت بىلەن ئوت - چۆپ كۈلى، ھاك، فوسفور قاتارلىق ئىشقارلىق ئوغۇتلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتكەندە ئازوتنىڭ پارلىنىشىنى تېزلىتىپ، ئوغۇت ئىسراپچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماي، زىرائەتنى ئاسان بۇسلاپ زىيان سالىدۇ.

8. فوسفورلۇق ئوغۇتنى چېچىپ بېرىش ياكى يۈزە بېرىشتىن ساقلىنىش لازىم. فوسفورنىڭ تۇپراقتىكى يۆتكىلىشچانلىقى ئىنتايىن كىچىك بولۇپ، چېچىپ بەرگەندە ياكى يۈزە بەرگەندە ئاسانلا تۇپراق تەرىپىدىن شۈمۈرۈلۈپ، قاتۇرۇپ فوسفور ئېلېمېنتىنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ.

9. ئازوت تەركىبىدىكى خىمىيەۋى ئوغۇتنى يوپۇرماق تىپىدىكى زىرائەتلەرگە كۆپ بېرىشتىن ساقلىنىش لازىم. يوپۇرماق تۈرىدىكى زىرائەتلەرنىڭ يىلتىزىدا تۈگىنەك باكتېرىيە بولۇپ، ئازوتلۇق ئوغۇتنى زىيادە كۆپ بەرگەندە تۈگىنەك باكتېرىيەنىڭ ئازوتنى تۇراقلاشتۇرۇش ئىقتىدارىغا تەسىر يېتىدۇ.

10. خلورلۇق ئوغۇتنى سەزگۈرلىكى يۇقىرى زىرائەتلەرگە كۆپ بېرىشتىن ساقلىنىش لازىم. ئۇنداق قىلمىغاندا ئۆسۈملۈك تۈپىنىڭ نورمال ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر يېتىدۇ.

11. قاتتىق يامغۇردىن بۇرۇن ئوغۇتلاشتىن ساقلىنىش لازىم، چۈنكى ئوغۇتلىغاندىن كېيىن يامغۇر ياغسا ئوغۇتنىڭ پايدىلىق تەرىپى يامغۇر سۈيىدە ئېقىپ كېتىدۇ.

12. مىكرو ئوغۇتنى ئاساسىي ئوغۇت قىلىپ بېرىشتىن ساقلىنىش لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا زىرائەتنىڭ ئوزۇقلۇقى نورمال بولماسلىق تۈپەيلىدىن ئۆسۈپ يېتىلىشكە توسقۇنلۇق قىلىدۇ .(05)

# بۇغداينى تېجەشلىك ئوغۇتلاش ئۇسۇلى

غۇنچەم موللائەمەت
(كەلپىن ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن 843600)

1. ئورگانىك ئوغۇتنى كۆپەيتىپ بېرىپ، خىمىيەۋى ئوغۇت ئۇنۇمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش. خىمىيەۋى ئوغۇت بىلەن ئورگانىك ئوغۇتنى ماسلاشتۇرۇپ ئىشلەتكەندە يەككە ھالدا خىمىيەۋى ئوغۇتنى ئىشلەتكەنگە قارىغاندا مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. يەككە ھالدا خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلىتىپ بۇغداينىڭ مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇشقا بولىدۇ، لېكىن خىمىيەۋى ئوغۇتنى زىيادە كۆپ ئىشلىتىۋەتكەندە، ئىقتىسادىي ئۈنۈم تۆۋەنلەپلا قالماستىن، تۇپراق قاتتىقلىشىپ، فىزىكىلىق، خىمىيەلىك خۇسۇسىيىتى ناچارلىشىدۇ. پەقەت ئورگانىك ئوغۇتنى كۆپەيتىپ بەرگەندىلا، تۇپراق ئۇنۇمدارلىقىنى ئاشۇرۇپ، ئوخشاش مىقداردا خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەتكەنگە، قارىغاندا بۇغداي مەھسۇلات مىقدارىنى 400 كىلوگىرام ئەتراپىدا ئاشۇرۇشقا بولىدۇ.

2. رېتسېپلىق ئوغۇتلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئازوت، فوسفور، كالىي قاتارلىقلارنى ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش، ئازوتلۇق ئوغۇتنى تولاقلىق بېرىش ئاساسىدا، فوسفور، كالىيلىق ئوغۇتلارنى مۇۋاپىق مىقداردا كۆپەيتىپ بېرىش لازىم. مۇۋاپىق تەكشۈرۈپ ئوغۇتلاش، قوشۇمچە ئوغۇتلاش بىلەن ئاساسىي ئوغۇتلاشنىڭ مۇۋاپىق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، تۇپراقنىڭ سۈپىتىگە ئاساسەن ئاساسىي ئوغۇت بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتنىڭ نىسبىتىنى بەلگىلەش كېرەك. ئادەتتە قۇمساڭ ئەت تۇپراق بىلەن يېنىك سىغىز تۇپراقتا ئاساسىي ئوغۇت بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتنىڭ نىسبىتى 3:7، ئوتتۇراھال ئەت تۇپراق بىلەن ئېغىر ئەت تۇپراقتا ئاساسىي ئوغۇت

بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتنىڭ نىسبىتى 4:6، يېنىك يېپىشقاق تۇپراق بىلەن ئېغىر يېپىشقاق تۇپراقتا ئاساسىي ئوغۇت بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتنىڭ نىسبىتى 5:5 بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەر خىل مىكرو ئېلېمېنتلارنىڭ ئىشلىتىلىشىگە دىققەت قىلىش كېرەك.

ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسىگە ئاساسەن، ئەڭ ياخشى ئوغۇتلاش ئۇسۇلىنى بەلگىلەش كېرەك. تۆۋەن، ئوتتۇرا ھوسۇللۇق بۇغداي ئېتىزىدا، ئاساسىي ئوغۇتنى بىر قېتىمدىلا يېتەرلىك بېرىشتەك ئاددىي ئوغۇتلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك. تۆۋەن، ئوتتۇرا ھوسۇللۇق بۇغداي ئېتىزىدا ئوغۇتلاش قانچە بۇرۇن بولسا، ئۈنۈمى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. يۇقىرى ھوسۇللۇق بۇغداي ئېتىزىدا ئوغۇتلاش تېخنىكىسىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك، يۇقىرى ھوسۇللۇق بۇغداي ئېتىزىنىڭ ئەڭ ياخشى ئوغۇتلاش مەزگىلى بولسا غول تارتىش مەزگىلى بولۇپ، ئېتىزدا تۇپنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق كۆكلەپ يېتىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئادەتتە قايتا كۆكەرتىش ئوغۇتى بېرىلمەيدۇ. لېكىن يۇقىرى ھوسۇللۇق بۇغداي ئېتىزىدا مايسا ئاجىز ئۆسۈپ، كېيىن پىشىپ، مىڭ تال دان ئېغىرلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بەك كۆپ، بەك كېچىكتۈرۈپ ئوغۇتلاشتىن ساقلىنىش، 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 3 ـ ئاينىڭ بېشىغىچە سۇغىرىشقا بىرلەشتۈرۈپ، ھەر مو غا 10 كىلوگىرام ئورىيا بېرىش لازىم.

بۇغدايغا يوپۇرماق ئوغۇتى بېرىشمۇ بىرخىل تېجەشلىك ئوغۇتلاش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇغداينىڭ باشاق چىقىرىش مەزگىلىدە ھەر موغا 150 گىرام ئورىياغا، 150 گىرام كالىي دى ھىدرو فوسفاتنى قوشۇپ، 60 كىلوگىرام سۇغا ئارلاشتۇرۇپ شامالسىز، ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى چۈشتىن كېيىن پۈركۈسە مەھسۇلات ئاشۇرۇش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. (05)

# چىلاننى تېرىپ ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى

شىرئېلى ھەمدۇللا
(ئاقسۇ شەھەرلىك ئورمانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن 843000)

**1. تېرىش ۋاقتى:** بەش سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى تۇپراقنىڭ تېمپېراتۇرىسى مۇقىم 15℃ تىن يۇقىرى بولغاندا يەنى 4 ـ ئاينىڭ باش ئوتتۇرىلىرى تېرىلىدۇ. چوڭ كۆلەمدە تېرىغاندا ئادەتتە كېۋەز تېرىش ماشىنىسى بىلەن تېرىسا بولىدۇ. تېرىشتىن بۇرۇن چوقۇم كېۋەز تېرىش ماشىنىسىنى تەڭشەپ سىناق ئىشلەپ ۋە تېرىش سۈپىتىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم، تېرىغاندا يوپۇق يېپىپ تاق قۇرلۇق تېرىش تېخنىكا تەلىپى بويىچە تېرىپ، تېرىش چوڭقۇرلۇقىنى 2 ـ 2.5 سانتىمېتىر، تۈپ، قۇر ئارىلىقىنى 0.5×4 مېتىر قىلىپ، ھەربىر ئۆۋۈنغا 2 ـ 3 تال ئۇرۇق سالسا، ئادەتتە ھەر يەرگە 200 ـ 300 گىرامچە ئۇرۇق تېرىلىدۇ.

**2. پەرۋىشى:** چىلان ئۇرۇقى تېرىلىپ 8 ـ 10 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۈنۈپ چىقىشقا باشلايدۇ، ئۇرۇق ئۈنۈپ چىقىش مەزگىلىدە ھەر 2 ـ 3 كۈندە بىر قېتىم مايسىنىڭ ئۈنۈپ چىقىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، مايسا كەم ئورۇنغا تولۇقلاپ تېرىش كېرەك. 6 ـ ئاينىڭ بېشىدا بىرىنچى قېتىملىق سۇيىنى قويۇش، بىر يىلدا 3 ـ 4 قېتىم سۇغىرىش، ھەر قېتىم سۇغىرىشتىن ئىلگىرى ھەر مو يەرنى 15 كىلوگىرام ئورېيا، 10 كىلوگىرام ئامموني دى ھىدرو فوسفات بىلەن ئوغۇتلاپ سۇغىرىش كېرەك. كۆچەت ئېگىزلىكى 60 سانتىمېتىرغا يەتكەندە ئاساسي غولنىڭ ئۇچىنى ئۈزۈپ غولنى توم، تىمەن ئۆستۈرۈش كېرەك. 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا سۇغىرىشنى كونترول قىلىپ، كۆچەت غولىنىڭ ياغاچلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 11 ـ ئاينىڭ بېشىغىچە توڭ ياتقۇزۇش كېرەك. كېيىنكى يىلى 4 ـ ئاينىڭ بېشىدىن 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىغىچە ئۇلاش ۋە قايتا تولۇقلاپ ئۇلاش كېرەك. (03)

# ئۆرۈكلۈك باغلارنىڭ پەرۋىشى

خەيرىنىگۈل ھوشۇر
(يوپۇرغا ناھىيە ئەشمە بازارلىق ئورمان باشقۇرۇش پونكىتىدىن 844404)

**1. سۇغىرىش:** ① بىخلىنىش سۈيى: 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا (چېچەكلەشتىن بۇرۇن) قاندۇرۇپ سۇغىرىپ، يېڭى نوتىنىڭ تېز ئۆسۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم؛ ② مېۋىسىنى يوغىنىتىش سۈيى: بۇ مەزگىل مېۋىسى تېز سۈرئەتتە يوغىناۋاتقان مەزگىل بولۇپ، 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرا، ئاخىرقى مەزگىللىرىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ مەزگىل سۇغا ئەڭ كۆپ ئېھتىياجلىق مەزگىل بولۇپ، بۇ قېتىمقى سۈيىگە چوقۇم كاپالەتلىك قىلىش كېرەك، بولمىسا مېۋىسى كىچىك، سۈپىتى ناچار بولۇپ، مېۋىسى تۆكۈلۈپ مەھسۇلاتىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ؛ ③ گۈل بىخى بۆلۈنۈش سۈيى: ئادەتتە 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 8 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە سۇغارسا كېلەر يىللىق مەھسۇلاتىغا كاپالەتلىك قىلغىلى ۋە مەھسۇلاتىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ؛ ④ توڭ سۈيى: ئادەتتە 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرى توڭ ياتقۇزۇلىدۇ. شاخلارنىڭ سۇسىزلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىش ۋە كېلەر يىلى نورمال بىخلىنىشىغا ئاساس سېلىش ئۈچۈن، توڭ ياتقۇزۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

**2. تۇپراق باشقۇرۇش:** (1) باغ يېرىنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ، تۇپراق سۈيىنى ياخشىلاش كېرەك، كۈزدە باغ يېرىنى 20 ـ 30 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئاغدۇرسا، تۇپراقنىڭ ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقىنى ياخشىلاپ، ئوغۇت، سۇ ساقلاش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، ئوغۇتنىڭ كۈچىنى يۇقىرىلىتىپ، تۈپىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ؛ (2) كولتىۋاتسىيە قىلىپ ئوتىنى ئوتاش كېرەك؛ (3) كۆچەت يېشىدىكى ئۆرۈكلۈك باغ ئارىسىغا زىرائەت كىرىشتۈرۈپ تېرىش لازىم. پاكار غوللۇق زىرائەتلەرنى يەنى قوغۇن، تاۋۇز، كېۋەز، پۇرچاق، يەم ـ خەشەك ئۆسۈملۈكى، كۆكتات قاتارلىقلارنى دەرەخ تۈپىدىن بىر مېتىر ئارىلىق قويۇپ تېرىش كېرەك؛ (4)

دەرەخنى ئاسراش ئۇچۇن، ياۋا چۆپ، شاخ ـ شۇمبا، خازان، يالتىراق يوپۇق قۇرۇق ئوت ـ چۆپ قاتارلىقلار بىلەن دەرەخ غولىنى مۇھاپىزەت قىلسا، دەرەخنى قىشتىن بىخەتەر ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ، بولۇپمۇ بۇ خىل ئۇسۇل تۇپراق ئۇنۇمدارلىقى تۆۋەن رايونلارغا ئالاھىدە ماس كېلىدۇ ھەمدە ئۇنۇمى ياخشى بولىدۇ.

**3. ئوغۇتلاش:** (1) ئاساسىي ئوغۇت: مېۋىسىنى ئۈزۈپ بولۇپ يوپۇرماق تاشلاشتىن بۇرۇن، تولۇق چىرىگەن مەھەللىۋى ئوغۇتنى ئاساس قىلىش، ئاز مىقداردا فوسفور، كالىيلىق ئوغۇتنى ئاساس قىلغان بىرىكمە ئوغۇتنى ئارىلاشتۇرۇپ ئوغۇتلاش لازىم. كۆچەت مەزگىلىدە ھەربىر تۈپىنى 20 كىلوگرام مەھەللىۋى ئوغۇت، 200 ـ 300 گىرام بىرىكمە ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش كېرەك. مېۋىگە كىرگەن كۆچەتنى ۋە چوڭ دەرەخنى ئوغۇتلىغاندا ھەربىر تۈپكە 60 ـ 80 كىلوگرام مەھەللىۋى ئوغۇت، 300 ـ 400 گىرام بىرىكمە ئوغۇت بېرىش لازىم. ئوغۇتلاش ئۇسۇلى: چوڭقۇرلۇقىنى 50 ـ 60 سانتىمېتىر، كەڭلىكىنى 40 ـ 50 سانتىمېتىر قىلىپ، كۆچەتكە قارىتا ھالقىسىمان ئورەك كولاپ، چوڭ دەرەخكە قارىتا نۇرسىمان چۆنەك تارتىپ ئوغۇتلىسا بولىدۇ؛ (2) قوشۇمچە ئوغۇتلاش: بىخلىنىشتىن بۇرۇن بىر قېتىم، مېۋىلىگەندىن كېيىن بىر قېتىم قوشۇمچە ئوغۇتلاپ سۇغىرىش كېرەك، تۇنجى قېتىم قوشۇمچە ئوغۇت بەرگەندە ئازوت، فوسفورلۇق ئوغۇتنى ئاساس قىلىش، ئىككىنچى قېتىم فوسفور، كالىيلىق ئوغۇتنى ئاساس قىلىش كېرەك. ھەربىر تۈپ كۆچەتكە بىر قېتىمدا 50 ـ 100 گىرام، ھەربىر تۈپ چوڭ دەرەخكە ھەر قېتىمدا 200 ـ 300 گىرام ئوغۇت بېرىش كېرەك. ئوغۇتلاش مىقدارى ئاز بولغاندا «بىر جىڭ مېۋىگە بىر جىڭ ئوغۇت بېرىش» ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈپ، ئەڭ ياخشى ئوغۇتلاش مىقدارىنى مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 2 ـ 3 ھەسسىسىگە يەتكۈزۈش كېرەك. (03)

# چىلان ئۆستۈرۈشتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ھەل قىلىش ئۇسۇلى

گۈلجەمىلە ئەمەت
(ئاۋات ناھىيە دولان يېزىلىق ئورمان باشقۇرۇش پونكىتىدىن 843200)

چىلان دەرىخى ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، بالدۇر مېۋىگە كىرىدىغان، ئوزۇقلۇق قىممىتى مول مېۋىلىك دەرەخ بولۇپ، مېۋىسى كېچىكمەي بازارغا چىقىدۇ. چىلان ئىقتىسادىي قىممىتى بىرقەدەر يۇقىرى، پەرۋىش قىلىشقا قولايلىق بولغاچقا بىرقەدەر كۆپ ئۆستۈرۈلىدۇ. نۆۋەتتە ناھىيەمىزدىن چىلان، ياڭاقنى ئاساس قىلغان باغ ئورمانچىلىقىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش، شۇنداقلا بۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ پاكار غوللۇق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى كىرىشتۈرۈپ تېرىپ، قوش ئۈنۈملۈك مەھسۇلات ئېلىش ئارقىلىق، كەڭ دېھقانلارنىڭ چىلانلىق، ياڭاقلىق باغلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا پەرۋىش قىلىشقا بولغان ئاكتىپلىقى زور دەرىجىدە ئاشقان بولسىمۇ، ئەمما چىلانلىق باغنى ئىلمىي پەرۋىش قىلىش نىسبەتەن ئاجىز بولغانلىقتىن، بىر قىسىم چىلانلىق باغلارنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى تۆۋەن، مېۋە سۈپىتى ناچار بولۇشتەك ئەھۋاللار ساقلانماقتا.

1. چىلانلىق باغلارنى ئوغۇتلاش، سۇغىرىش: ئاز ئوغۇتلاش ياكى ئوغۇتلىماسلىق سەۋەبىدىن چىلان دەرىخى ئېھتىياج بولىدىغان ئوزۇقلۇق يېتىشمەي، چېچىكى ۋە غورىسىنىڭ تۆكۈلۈشى ئېغىر، مەھسۇلاتى تۆۋەن، مېۋىسىنىڭ سۈپىتى ناچار بولىدۇ.

2. ئىلمىي ئۇسۇلدا چاتىماي ئۆسۈشنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتكەنلىكتىن، دەرەخ قۇرۇلمىسى قالايمىقانلىشىپ، مېۋە شاخلىرى ئاز ياكى ئاجىز ئۆسۈپ مېۋە مەھسۇلاتى تۆۋەن بولۇپ قېلىشتەك ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ.

3. چاڭلاشتۇرغۇچى سورت مۇۋاپىق سەپلەنمىگەنلىكتىن، مەھسۇلاتى تۆۋەن بولىۋاتىدۇ.

4. چىلانلىق باغلاردا كۆرۈلىدىغان كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشقا سەل قارىمىغانلىقتىن، دەرەخنىڭ ئۆسۈشى ئاجىزلاپ، مېۋىسىنىڭ سۈپىتى ناچارلاپ، مەھسۇلاتى تۆۋەن بولىدۇ.

5. چىلانلىق باغلارنى باشقۇرىدىغان تېخنىك تايانچلار يېتەرلىك ئەمەس، دېھقانلارنىڭ ئىدىيەسىدە ئىلمىي ئۇسۇلدا باغ باشقۇرۇشقا بولغان قىزغىنلىقى تۆۋەن، باغ باشقۇرۇش پەقەت تېخنىكا پونكىتىدىكى بىر نەچچە تېخ-

نىڭ خادىملارنىڭ مەسئۇلىيىتى دەپ قاراپ، تېخنىكىلىق تەدبىرلەرنى ياخشى ئىگىلىمىگەنلىكتىن، باغ پەرۋىشىنى ياخشى ئىشلىمەي مەھسۇلاتى تۆۋەن، سۈپىتى ناچار بولۇشتەك ئەھۋاللار ساقلانماقتا.

6. چىلان بىلەن ئېگىز غوللۇق زىرائەتلەرنى كىرىشتۇرۇپ تېرىيدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. ئېگىز غوللۇق زىرائەتلەرنى كىرىشتۇرۇپ تېرىغاندا ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقى ناچارلاپ. كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى يېتەرلىك بولمايدۇ. پەرۋىش قىلىش قولايسىز بولغانلىقتىن، ئاسانلا كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، مېۋىسى تۆكۈلۈپ كېتىدىغان ھەتتا پىشىش ۋاقتى كېچىكىپ، مېۋە سۈپىتى ناچارلىشىپ، مېۋىنىڭ تاۋارلىق نىسبىتى تۆۋەنلەپ كېتىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ.

يۇقىرىقى ساقلانغان مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىنى ياخشى ھەل قىلىش لازىم. (1) چىلانلىق باغلارنىڭ سۇ، ئوغۇت، تۇپراق پەرۋىشىنى كۈچەيتىپ، ئوغۇتلاشتا ئاساسىي ئوغۇت ۋە قوشۇمچە ئوغۇت بېرىش ۋاقتىنى توغرا ئىگىلەش كېرەك. ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش مەشغۇلاتى جەريانىدا بىر قىسىم دېھقانلار ئاساسىي ئوغۇت بېرىش ۋاقتى بىلەن قوشۇمچە ئوغۇت بېرىش ۋاقتىنى توغرا ئىگىلىيەلمەي، ئاساسىي ئوغۇتنى ئەتىيازدا بېرىشكە ئادەتلەنگەن، ئەتىياز پەسلىدە تۇپراق تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن بولغاچقا، ئوغۇتنىڭ پارچىلىنىشى ئاستا بولۇپ، ئۈنۈم بېرىش ۋاقتىمۇ كېچىكىپ كېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن دەرەخ بىخلىنىپ يوپۇرماق چىقارغان ۋاقىتتا ياكى چېچەكلىگەن ۋاقىتتا ئېھتىياجلىق بولغان ئوزۇقلۇققا ئېرىشەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن چىلان كۆچىتىنى چوقۇم كۈزدە مېۋىسىنى يىغىپ بولغاندىن كېيىن، ئاساسىي ئوغۇت بىلەن يېتەرلىك ئوغۇتلاش كېرەك. ئوغۇتلىغاندا دەرەخ يېشىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە ئاساسەن، يىلتىز سىستېمىسىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىغا قاراپ ئورەك كولاپ ئوغۇتلاش كېرەك؛ (2) چىلان دەرىخىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا مۇۋاپىق چاتاپ شەكىلگە كەلتۈرگەندە دەرەخ قۇرۇلمىسى پۇختا قىلىپ، يورۇقلۇق ۋە ھاۋا شارائىتى ياخشىلاپ، مېۋە سۈپىتىنى ۋە مەھسۇلاتىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى ھەمدە دەرەخ ئۆمرىنى ئۇزارتقىلى بولىدۇ؛ (3) چىلان بىلەن پاكار غوللۇق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى كىرىشتۇرۇپ تېرىغاندا، يورۇقلۇق، ھاۋا شارائىتىنى ياخشىلاپ، قوش ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. (03)

# ئۆرۈكلۈك باغلارغا جىنسىي جەلپ قىلىش ھورمونى ئىشلىتىپ مېغىز قۇرتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

**ئامانگۈل ھاشىم**
(كۇچا ناھىيە ئىشخىلا بازارلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 842000)

ئۆرۈك مېغىز قۇرتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشتا دېھقانچىلىق دورىسىغىلا تايىنىپ قالماي، فىزىكىلىق، بىيولوگىيەلىك ئۇسۇل ۋە دېھقانچىلىق تەدبىرلىرى ئارقىلىق ئالدىنى ئالغاندا، مۇھىت بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، مېۋە سۈپىتى، مەھسۇلاتىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىغىلى بولىدۇ. ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكىچە:

**1. جىنسىي جەلپ قىلىش ھورمونى ئارقىلىق يوقىتىش:** جىنسىي جەلپ قىلىش ھورمونىنى ئىشلىتىپ ئەركەك ھاشاراتلارنى جەلپ قىلىپ يوقىتىش ئارقىلىق، كۆپىيىشىنى تىزگىنلىگىلى بولىدۇ. جىنسىي جەلپ قىلىش ھورمونىنى ئۆرۈكنىڭ يەر يۈزىدىن ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتىكى شېخىغا ئېسىش لازىم. جىنسىي جەلپ قىلىش ھورمونىنى 1 - قۇر ئۆرۈكنىڭ 1 -، 3 -، 5 - تۈپلىرىگە ئېسىش، 2 - قۇرغا ئاسماسلىق، 3 - قۇرنىڭ 2 -، 4 -، 6 - ۋە 4 -، 5 - تۈپلىرىگە ئاسماسلىق، 6 - قۇرنىڭ 1 -، 3 -، 5 - تۈپلىرىگە ئېسىش، 7 - قۇرغا ئاسماسلىق، 8 - قۇرنىڭ 2 -، 4 -، 6 - تۈپلىرىگە ئېسىش، 9 -، 10 - قۇرلارغا ئاسماسلىق لازىم. مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە تەكرار ئېسىش ۋە جىنسىي جەلپ قىلىش ھورمونى ئېسىش بەلگىلەنگەن ھەربىر تۈپ ئۆرۈككە بىر تالدىن ئېسىش كېرەك. جىنسىي جەلپ قىلىش ھورمونىنى 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە ئېسىش لازىم. بۇ مەزگىل مېغىز قۇرتى لىچىنكىسىنىڭ تۇخۇمدىن چىقىش مەزگىلى بولغاچقا، كۆپىيىشتىن بۇرۇن ئالدىنى ئالغاندا ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى بولىدۇ. ھەر ھەپتىدە 2 - 3 قېتىم تەكشۈرۈپ، تۇتۇلغان مېغىز قۇرتىنىڭ لىچىنكىسىنى يوقىتىپ، مۇھىت بۇلغىنىشىنى ئازايتىپ، دورا چېچىش تەننەرخىنى تۆۋەنلەتكىلى بولىدۇ؛

**2. دېھقانچىلىق تەدبىرلىرى ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش:** ① ئۆرۈكلۈك باغلارنىڭ كېسەللىك، ھاشارەتكە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بىر يىلدا 3 - 4 قېتىم ئوغۇتلاش كېرەك. 1 - قېتىم 10 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئۆرۈكلۈك باغلارنى فوسفورلۇق ئوغۇت، چىرىگەن مەھەللىۋى ئوغۇت، كالىيلىق ئوغۇت ۋە گۈنجۈرە بىلەن ئوغۇتلاش؛ 2 - قېتىم ئەتىيازدا چېچەكلەشتىن بۇرۇن ۋە چېچەكلەشتىن

(ئاخىرى 59 - بەتتە)

## پارنىكتا دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىشلىتىشتە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

رىزۋانگۈل قۇدرەت    گۈلزار نۇرمەمەت
(يەكەن ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 844700)

1. ئادەتتە پارنىكتا باكتېرىيەلىك كېسەللىك كۆپ كۆرۈلىدۇ. پارنىكنىڭ تېمپېراتۇرىسى ۋە نەملىكى يۇقىرى بولسا زەمبۇرۇغلۇق كېسەللىك ئاسان پەيدا بولىدۇ.

2. پارنىكقا يالتىراق يوپۇق ياپقاندىن كېيىن، مايسا كۆچۈرۈپ تىكىشتىن ئاۋۋال ئوغۇتلاشقا بىرلەشتۈرۈپ دېزىنفېكسىيە قىلىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش لازىم.

3. دورا ئىشلەتكەندە ئەڭ ياخشىسى چۈشەندۈرۈشى بويىچە ئىشلىتىش، ئۇزۇن ساقلىنىپ قالغان دورىلارنى قالايمىقان ئىشلەتمەسلىك، ئۇنداق بولمىغاندا دورا ئۇنۇمى كۆچىيىپ ياكى تۆۋەنلەپ كېتىپ، ئۆسۈملۈكتە زەھەرلىنىش پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

4. ھاۋا تۇتۇق كۈنلىرى ياكى پارنىك سۇغىرىلغان كۈنلىرى چۈشتىن كېيىن دورا پۈركۈمەسلىك، تېمپېراتۇرا 30℃ تىن ئاشقاندا دورا پۈركۈمەسلىك، ئاجىز مايسىلارغا تۆۋەن قويۇقلۇقتىكى دورىلارنى ئىشلىتىش، كېسەللەنگەن، ھاشارات چۈشكەن كۆكتاتلارغا بىر نەچچە قېتىم دورا پۈركۈش، دورىنى ئاساسلىقى يوپۇرماق كەينىگە پۈركۈش، كېسەللىك ئېغىر بولسا دورا پۈركۈش بىلەن ئىسلاشنى بىرلەشتۈرۈش، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا دورا چېچىش مىقدارى ۋە قېتىم سانىنى مۇۋاپىق ئازايتىشتىن ئىبارەت ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس، ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىپ يوقىتىشنى قوشۇمچە قىلىش كېرەك. (05)

## پارنىك كۆكتاتلىكى تاماكا توزان پىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

رەيھانگۈل ئەرشى
(تۇرپان شەھەرلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 838000)

1. پارنىكقا كۆكتات مايسىسىنى كۆچۈرۈپ تىكىشتىن بۇرۇن، پارنىكنىڭ ھاۋا ئالماشتۇرۇش ئېغىزى (ھاۋادان) غا ھاشارات توسۇش تورى ئورنىتىپ، ھاشارات كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

2. پارنىكتا مايسا كۆچۈرۈپ تىكىشتىن بۇرۇن ئالدىنى ئېلىشنى كۈچەيتىپ، ھاشاراتسىز شارائىتتا مايسا كۆچۈرۈپ تىكىشكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

3. پارنىكتىكى ئوت - چۆپ ۋە ھاشارات تۇخۇمى بار قېرى يوپۇرماقلارنى ۋاقتىدا ئۈزۈۋېتىپ، بىر يەرگە يىغىپ كۆيدۈرۈش لازىم.

4. مايسا مەزگىلىدە يىلتىز ئەتراپىغا دورا قويۇپ سۇغىرىش، مايسا كۆچۈرۈپ تىكىش سۇيىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاكتېتەي (阿克泰) نىڭ 2000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى ھەربىر تۈپ مايسىغا 50 مىللىلىتىردىن قويسا ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

5. كۆكتات مايسىسىنى كۆچۈرۈپ تىكىپ بولغاندىن كېيىن، ھەر مو پارنىكقا 50 - 60 دانە سېرىق تاختاي ئورنىتىپ، تاماكا توزان پىتىنى جەلپ قىلىپ يوقىتىشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

6. پارنىكتا ھاشارەت كۆپ بولغان ئەھۋالدا، پارنىكنىڭ يالتىراقنى يېپىپ بولغاندىن كېيىن، پارنىكلارنى ئىسلاش ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىزوپروكارپ (异丙威)، يۇقىرى ئۈنۈملۈك سىپېرمېتىرىن (高效氯氰菊酯) قاتارلىق ئىسلىغۇچى دورىلار بىلەن ھەر 7 - 10 كۈندە بىر قېتىم، ئۇدا 2 - 3 قېتىم ئىسلىسا بولىدۇ.

7. پارنىكقا ئازوتلۇق ئوغۇت ئىشلىتىش مىقدارىنى ۋە ئوغۇتلاش قېتىم سانىنى مۇۋاپىق كونترول قىلىش كېرەك.

8. دېھقانچىلىق دورىسى ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشتا، 70% لىك ئەيمىلى (爱美丽) نىڭ 8000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى، 25% لىك

# پارنىكتا كۆكتاتلاردىكى يورۇقلۇق يېتىشمەسلىك ئالامىتى ۋە ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى

هاجىگۈل تۇرسۇن  رامىلە سىدىق
(تېكەس ناھىيە تېكەس بازارلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 838000)

پارنىكتا ئۆستۈرۈلگەن كۆكتاتلاردا يورۇقلۇق يېتەرلىك بولمىسا تۆپلەر ياخشى ئۆسمەسلىك، غولى ئىنچىكە، يوپۇرمىقى نېپىز، رەڭگى سۇس بولۇش، سارغىيىش، چېچەك بىخى ياخشى بۆلۈنمەسلىك، چېچەك غەيرىي بولۇش، چېچەك، مېۋە كۆپ تۆكۈلۈش، مېۋىنىڭ يوغىنىشى ئاستا، رەڭگى سۇس، تەمى قىرتاق بولۇش، ياخشى رەڭلەنمەسلىك ئالامىتى كۆرۈلىدۇ. كۆكتات مەھسۇلاتى ۋە سۈپىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

**ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى:** ئاساسلىقى پارنىكنىڭ يورۇقلۇق شارائىتىنى ياخشىلاش لازىم، ئۆستۈرۈشتە تۈپ، قۇر ئارىلىقىنى مۇۋاپىق قالدۇرۇش، يوپۇقتىكى سۇ تامچىسى ۋە چاڭ ـ توزانلارنى ۋاقتىدا تازىلاش، ئىمكانىيەت يار بەرسە پارنىك ئاساسىي تېمىنى هاك سۈيىدە ئاقارتىش، كۆكتات ئۆسۈشنىڭ ئوتتۇرا، كېيىنكى مەزگىللىرىدە سىرتىنىڭ تېمپېرا-

ئاكېتەينىڭ 2500 ـ 3000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى، %10 لىك ئىمىداكلورد (吡虫啉) نىڭ 1000 ـ 1500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى ياكى %3 لىك دىڭچوڭمى (啶虫醚) نىڭ 500 ـ 800 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى قاتارلىقلارنىڭ خالىغان بىرىنى تاللاپ چېچىش كېرەك. دورا چاچقاندا ھاشاراتتا دورىغا قارشىلىق كۈچى پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بىر خىل زىرائەتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا بىر خىل دورىنى بىرلا قېتىم ئىشلىتىش تەۋسىيە قىلىندۇ. كېسەللىك نىسبەتەن ئېغىر پەيدا بولغان پارنىكلاردا ھەر 7 ـ 10 كۈندە بىر قېتىم، ئۇدا 2 ـ 3 قېتىم دورا چاچسا ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. ئادەتتە %25 لىك ئاكېتەينى 1500 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ، ھەربىر تۈپكە 100 ـ 200 مىللىلىتىر قۇيسا، ۋە مايسا تىكىشتىن بۇرۇن %25 لىك ئاكېتەينى 1500 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ يىلتىزىنى 10 مىنۇت چىلاپ ئاندىن كۆچۈرۈپ تىكسە، تاماكا توزان پىتىنىڭ زىيىنىنى كۆرۈنەرلىك يېنىكلەتكىلى بولىدۇ. (03)

## ئۈزۈمدە كۆرۈلۈۋاتقان ئاساسلىق كېسەللىك زىياندىش ھاشارەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش

ئىسكەندەر يۈسۈپ
(قۇمۇل شەھەرلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 839000)

**1. ئاق توزان كېسەللىكى:** ئۈزۈمنىڭ مەھسۇلات ۋە سۈپىتىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ بىرى بولۇپ، يوپۇرماقتا پەيدا بولغاندا، يوپۇرماق يۈزىدە ئاق توزانسىمان ماددا ھاسىل قىلىپ، ئۈزۈمنىڭ ماددا ئالماشتۇرۇشى ۋە نەپەسلىنىشىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، يوپۇرماقلار قۇرۇپ تۆكۈلىدۇ. غول قىسمىدا پەيدا بولغاندا، تۇپراقتىن قوبۇل قىلغان ئوزۇقلۇقلارنىڭ شاخ، يوپۇرماق ۋە مېۋىلەرگە توشۇلۇشى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، ئۈزۈمنىڭ ئۆسۈشى ئاجىزلايدۇ. كېسەللىك مېۋىدە پەيدا بولغان دەسلەپكى مەزگىلدە، مېۋە قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىپ، كېيىن ئاق توزانسىمان داغ ھاسىل بولۇپ، مېۋىسى ئاسانلا يېرىلىپ سېسىيدۇ. تەمى چۈچۈمەل بولۇپ، ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ، پىشىشى كېچىكىدۇ.

**ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** (1) باغ پەرۋىشىنى كۈچەيتىپ، باغدىكى كېسەللىك مەنبەسىنى پاكىز تازىلاش، ئوغۇتلاشتا ئورگانىك ئوغۇتلارنى ئاساس قىلىپ، ئازوتلۇق ئوغۇتلارنى قوشۇمچە قىلىپ بېرىش ئارقىلىق، تۈپلەرنىڭ كېسەلگە قارشى تۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرۇش، ئۆز ۋاقتىدا باراڭغا

تۈرىسى 15℃ قا يەتكەندە پارنىك يوپۇقىنى مۇۋاپىق ئېچىپ، كۆكتاتقا كۈن نۇرىنى بىۋاسىتە چۈشۈرۈش كېرەك. تەجرىبىلەرگە ئاساسلانغاندا پارنىك ئىچى ئېمىغا نۇر قايتۇرۇش يوپۇقى ئاسسا يەرگە چۈشكەن نۇرنى 4% ئەتراپىدا كۈچەيتكىلى، پارنىك تېمپېراتۇرىسىنى 3℃ ـ 4℃ ئۆرلەتكىلى، تۇپراق تېمپېراتۇرىسىنى 2℃ ئەتراپىدا يۇقىرىلاتقىلى، مەھسۇلاتىنى 40% ـ 50% ئاشۇرغىلى ۋە مېۋە سۈپىتىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ. يەرگە كۈمۈشرەڭ يوپۇق ياكى ئالىيۇمىن قەغەز يېيىتسا، تۈپ ئارىلىقىغا چۈشىدىغان نۇرنى كۈچەيتىپ، مېۋىنى ياخشى رەڭلەندۈرگىلى ھەمدە تۈپنىڭ تۆۋەن قىسمىدىكى يوپۇرماقلارنىڭ بالدۇر زەئىپلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. (02)

ئېلىپ باغلاش، ئوزۇقلۇق شاخ، مېۋە شاخلارنىڭ ئۇچىنى ئۈزۈپ، ئۆسۈش-نى كونترول قىلىش، ھاۋا ئالمىشىش، كۈن نۇرىنىڭ چۈشىشىنى ياخشىلاپ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك؛ (2) ئاق توزان كېسىلى گۈڭگۈرتكە ئىنتايىن سەزگۈر كېلىدۇ، ھاك - گۈڭگۈرت بىرىكمىسى ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىپ - يوقاتقاندا ئۈنۈمى ئىنتايىن ياخشى بولىدۇ. 4 - ئاينىڭ باشلىرى ئۈزۈمنى ئېچىپ باراڭغا ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، بىخلىنىشتىن بۇرۇن 45% لىك ھاك - گۈڭگۈرت بىرىكمىسى (石硫合剂) نى 150 - 200 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ يەنە بىر قېتىم پۈركۈش (ئەگەر بىخلىنىپ بولغان بولسا ئىشلەتمەسلىك) كېرەك. ئۈزۈم ئاق توزان كېسەللىكى 8 - ئاينىڭ باشلىرى بايقىلىدۇ، شۇڭا بايقىلىشتىن بۇرۇن يەنى 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن باشلاپ دورا چېچىش ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش، ھەر 10 - 15 كۈندە بىر قېتىم مىكروب ئۆلتۈرگۈچى دورىلارنى چېچىش كېرەك. 12.5% لىك چىڭجۇنزو (晴菌唑) نى 2000 - 2500 ھەسسە، 75% لىك داكونىل (百菌清) نى 600 - 800 ھەسسە، 70% لىك مىتىل توپسىن (甲基托布津) نى 500 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ، ئۇدا 2 - 3 قېتىم نۆۋەتلەشتۈرۈپ چېچىش كېرەك.

**2. مېۋە سېسىش كېسىلى:** مېۋىلەش نىسبىتى يوقىرى، مېۋە ساپىقى ئۇزارمىغان، گۈل ۋە مېۋىلىرى شالاڭلىتىلمىغان، مېۋە ساپىقى زىچ بولغان ئۈزۈملەردە سېسىش پەيدا بولۇپ، پىشىش مەزگىلىدە مېۋىسى ئاسانلا يېرىلىپ كېتىدۇ. يېرىلغان ئورۇن ئاسانلا مىكروبلىنىپ، يارا ئاغزىغا ھاشاراتلار توپلىنىپ، مېۋىنىڭ سېسىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مېۋە يوغىناشنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە تۇپراق نەملىكى تەڭشەلمىسە، مېۋە دانىسىنىڭ سۇ مىقدارى كۆپ بولسا ئاسانلا مېۋە يېرىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش:** (1) باغ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، مېۋە ساپاقلىرىنى رەتلەش، ئۆسۈشنى تەڭشىگۈچى ھورمۇن «920» نى ئىشلىتىش ئارقىلىق ساپاقنى ئۇزارتىش ھەم گۈل، مېۋىلەرنى شالاڭلىتىپ، مېۋە زىچلىقىنىڭ مۇۋاپىق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ (2) بالدۇر ئالدىنى ئېلىش، ئۈزۈم شىرنە يىغىش مەزگىلىدە ئوزۇقلۇق مىقدارى يۇقىرى

بولغان يوپۇرماق ئوغۇتلىرىنى پۈركۈش، 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرى مېۋە سېسىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان دورىلار يەنى پۇجۇنلىشا (葡菌立杀)، قاتار ـ لىقلارنى ۋاقتىدا پۈركۈش لازىم؛ (3) مۇۋاپىق سۇغىرىش، مېۋىنىڭ ئاخىر ـ قى پىشىش مەزگىلىدە كۆپ مىقداردا باستۇرۇپ سۇغىرىشتىن ساقلىنىش كېرەك؛ (4) سېسىغان مېۋىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا ئۈزۈۋېتىش، ساغلام بولغان مېۋىلەرگە يامرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

**3. تىۋىتلىق قاپارتما كېسەللىكى:** بۇ كېسەللىك ئاساسلىقى يوپۇر ـ ماققا ۋە يەنە يۇمران نوتا، غورا، چېچەككىمۇ زىيان سالىدۇ. يوپۇرماقتا كۆ ـ رۈلگەندە، دەسلەپ يوپۇرماق دۈمبىسىدە نۇرغۇن تەرتىپسىز ئاق داغلار پەيدا بولۇپ كېڭىيىدۇ، يوپۇرماق يۈزى قاپارغاندەك كۆرۈنىدۇ. يوپۇرماق دۈمبە ـ سىدىكى داغ ئويمىنى ئىچىدە بىر قەۋەت ئاق تىۋىتلىق تالا زىچ ئۆسىدۇ، بارا ـ بارا قىلىنلايدۇ ھەمدە ئاق سېرىق رەڭدىن چاي رەڭگە ئۆزگىرىپ، يوپۇرماق يۈزىدە بۇدۇر ـ چوقۇر قاپارتمىلار پەيدا بولىدۇ.

**ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** (1) كارانتىن قىلىشنى كۈچەي ـ تىپ، كېسەللىكنىڭ باشقا رايونلارغا تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كې ـ رەك؛ (2) كېسەللىك مىكروبىنى ھەر پەسىلدە تازىلاش ۋە يىغىپ كۆيدۈ ـ رۈش ياكى چوڭقۇر كۆمۈش كېرەك؛ (3) كېسەل بايقالغان دەسلەپكى مەز ـ گىلدە 10% لىك مەنجىسى سۈتسىمان مېيى (螨即死乳油) نى 4000 ھەس ـ سە ياكى 73% لىك پىروپارگىت (克螨特乳油) نى 2000 ـ 3000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ چاچسا ئۈنۈمى ياخشى بولۇش بىلەن بىرگە، باشقا كېسەللىك ـ لەرنىڭمۇ ئالدىنى ئېلىپ يوقاتقىلى بولىدۇ.

**4. مېۋە ساپىقى قۇرۇش كېسىلى:** بۇ كېسەللىك ئاساسلىق ئۈزۈمە ـ نىڭ يۇمران ساپىقى، يۇمران مېۋىسى ۋە يوپۇرماقلىرىغا زىيان سېلىپ، دەسلەپكى مەزگىلدە ساپاق ئۈستىدە قوڭۇر رەڭلىك چىپار چېكىتلەر پەيدا بولىدۇ. نەملىك ئاشقانسېرى كېسەل داغلىرى تېزلىكتە كېڭىيىپ، ساپاق ئۇقى پۈتۈنلەي قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىپ، سۇسىزلىنىپ قۇرۇپ، گۈل رېتى بۆلۈنگەن ئورۇندىن ئاسانلا ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ كېتىدۇ. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى قوڭۇر ياكى قارا رەڭلىك كىچىك داغلار پەيدا بولۇپ، مېۋە چوڭايغانسېرى مېۋە ۋە مېۋە سېپى سولۇشۇپ قۇرۇپ قالىدۇ.

**ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** (1) كېسەللىك مىكروبىنى تازىلاش، كۆزلۈك پۇتاشقا بىرلەشتۇرۇپ قۇرۇپ قالغان، قېرى شاخلارنى، يوپۇرماق، ئوت ـ چۆپلەرنى پاكىز تازىلاش ۋە يىغىپ كۆيدۈرۈش ياكى چوڭقۇر كۆمۈش كېرەك؛ (2) ئۈزۈملۈك باغلارنىڭ پەرۋىشىنى كۈچەيتىپ، ئورگانىك ئوغۇت ۋە فوسفورلۇق، كالىيلىق ئوغۇتلارنى كۆپەيتىپ، ئازوتلۇق ئوغۇتلارنى كونترول قىلىش كېرەك. ئىلمىي باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ھارام شاخلارنىڭ ئۆسۈشىنى تىزگىنلەپ، ۋاقتىدا پۇتاپ، شامال ئۆتۈشۈش، كۈن نۇرىنىڭ چۈشىشىنى ياخشىلاپ، نەملىكنى تۆۋەنلىتىش كېرەك؛ (3) ئۈزۈم چېچەكلەشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئۇدا 2 ـ 3 قېتىم دورا پۈركۈش ئارقىلىق، كېسەللىكنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن 80% لىك داشىڭ 45-M (大生) نەملىنىشچان پاراشوكىنى 600 ـ 800 ھەسسە، 1.5% لىك دوكاڭمېيسۇ (多康霉素) نەملىنىشچان پاراشوكىنى 300 ـ 400 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ چېچىش كېرەك.

**5. يىلتىز ئۆسمە كېسىلى:** بۇ كېسەللىك يىلتىز بوغۇزىدا ياكى ئۆلاق ئەتراپىدا، ئىككى يىلدىن ئاشقان ئۈزۈم غوللىرىنىڭ يەرگە يېقىن جايلىرىدا يۈز بېرىدۇ. كېسەللىكنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يارىلانغان قىسمىدا ئۆسمە پەيدا بولىدۇ، ئۆسمە سۇس يېشىل رەڭدە پارقىراق، ئىچى يۇمشاق بولۇپ، يارىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ قوتۇرلىشىدۇ ۋە قۇرۇشۇپ قاتتىقلىشىدۇ، يېشىل رەڭ بارا ـ بارا قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. كېسەل تۈپلىرى ئاجىزلاپ، يوپۇرماقلار سارغىيىپ، بالدۇر تۆكۈلىدۇ، ئېغىر بولغاندا قۇرۇپ ھەتتا پۈتۈن باغ ۋەيران بولىدۇ.

**ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** (1) تۇپراقنىڭ نەملىكىنى تۆۋەنلىتىش، تۇپراق شارائىتىنى ياخشىلاش كېرەك؛ (2) ھەر خىل زەخىملىنىش، ھايۋانات ۋە ھاشاراتلارنىڭ غاجىلىشىدىن كېلىپ چىققان يارا ئېغىزى ئارقىلىق يۇقۇملىنىشنى تىزگىنلەش كېرەك؛ (3) ئۈزۈمنىڭ ئاساسىي غوللىرىدا بۇ خىل كېسەللىك كۆرۈلسە، دەرھال ئىششىق ئورۇندىن ساغلام توقۇلمىغىچە قىرىش كېرەك. قىرىۋېتىلگەن قالدۇقنى يىغىپ كۆيدۈرۈش، قىرىۋېتىلگەن يارا ئېغىزىغا 45% لىك ھاك ـ گۈڭگۈرت بىرىكمىسىنى

1:1.5 نىسبەتتە سۇيۇلدۇرۇپ سۇرۇش كېرەك؛ (4) ئۇزۇمنى ئېچىپ باراڭغا ئالغاندىن كېيىن يىلتىز قىسمىغا گېنكاڭ (根康) نى500 ھەسسە، 5% لىك جۇندۇچىڭ (菌毒清) نى 450 ھەسسە، 77.5% لىك د د ۋ (敌敌畏) نى375 ھەسسە، 2% لىك دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ستىرپتومىتسىن (农用链霉素) نى 1000 ھەسسە سۇيۇلدۇرغاندىن كېيىن، يۇقىرىقى سۇيۇلدۇرغان تۆت خىل دورىنىڭ ئېرىتمىسىنى بىرلەشتۇرۇپ، 15 كىلوگىرام سۇ ئارىلاشتۇرۇپ، ھەر تۈپ ئۈزۈمنىڭ يىلتىز قىسمىغا ئىككى كىلوگىرامدىن قۇيسا، يىلتىز قىسمىدىكى كېسەللىكنىڭ ئۇنۇملۇك ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

**6. چېچار يوپۇرماق تومۇزغىسى:** ئۈزۈمگە ئاساسلىقى يېتىلگەن ھاشارات، يوپۇرماققا لېچىنكا زىيان سالىدۇ. يوپۇرماق كەينىگە ھاشاراتلار توپلىشىۋېلىپ يوپۇرماق سۇيۇقلۇقىنى سۈمۈرۈۋالغانلىقتىن، يوپۇرماقنىڭ يېشىللىقى يوقاپ، ئاخىرىدا ئاق، سېرىق چېكىتلەر پەيدا بولىدۇ، ئېغىرلاشقاندا ئاق چېكىتلەر تۇتىشىپ ئاق داغنى شەكىللەندۈرۈپ، يوپۇرماق ئوزۇقلۇق ئالماشتۇرۇش رولىنى يوقىتىدۇ. يوپۇرماق بالدۇر تۆكۈلۈپ كەتكەنلىكتىن، شۇخلارنىڭ پىشىشى ۋە كېلەر يىللىق مېۋە بىخلارنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر يېتىدۇ.

**ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** (1) ھاشارات تۇخۇملىرىنى ۋاقتىدا يوقىتىش، كۈز ئاخىرىدا باغنى پاكىزە تازىلاش، ئوت ـ چۆپ، غازاڭلارنى كۆيدۈرۈۋېتىش؛ (2) باغ پەرۋىشىنى كۈچەيتىپ ئۆز ۋاقتىدا شۇخلارنىڭ ئۇچىنى ئۈزۈش، ھاۋا ئۆتۈشۈش، كۈن نۇرى چۈشۈشىنى ياخشىلاش ئارقىلىق، ھاشاراتلارنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئازايتىش؛ (3) 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى بىرىنچى ئەۋلاد ياش قۇرت پەيدا بولۇشتىن بۇرۇن، 40% لىك روگور (乐果) سۇيۇقلۇقىنى 1000 ـ 1500 ھەسسە، 20% لىك كاڭفۇدو (康复多)نى 800 ھەسسە، 50% لىك فوكسىم (辛硫磷) نى 1000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ، كەچقۇرۇن يوپۇرماقلار نەمدەلگىدەك ھالەتتە پۈركۈسە ئۇنۇملۇك ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. (05)

## تىرەك تون پەرۋانىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

ئەركىن يۇسۇپ
(بۈگۈر ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 841600)

تىرەك تون پەرۋانىسى ئۈرۈك، ئاق تېرەك، نەشپۈت، سۆۋادان، قارا ياغاچ، سۆگەت، ئۈزمە، ياڭاق، ئالۇچا، ئالما قاتارلىق دەرەخلەرگە زىيان سالىدۇ. بۇ ئارىلاش ئوزۇقلىنىدىغان زىيانداش ھاشارات بولۇپ، ئۈرۈككە ئەڭ ئېغىر زىيان سالىدۇ. زىيىنى ئېغىر بولغاندا، لىچىنكىسى يوپۇرماق ۋە مېۋىنى يەپ تۈگىتىدۇ ياكى ئۈرۈك غورىسىنى غاجىلاپ سۇپىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

**1. مورفولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى:** ① تۇخۇمى: ياپىلاق يۇمىلاق شەكىللىك، دىيامېتىرى بىر مىللىمېتىر كېلىدۇ؛ ② لىچىنكىسى: قېرى لىچىنكىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 47 مىللىمېتىر، رەڭگى كۆك يېشىل كېلىدۇ؛ ③ قورچىقى: بەدەن ئۇزۇنلۇقى 20 مىللىمېتىر، قوڭۇر رەڭلىك، قۇيرۇق ئۇچى تەرىپىدە بىر دانە قىسقا ئۆسمىسى بولىدۇ، ئۆسمە ئۇستىدە ئىككى تال «\/» خەت شەكىللىك قۇيرۇق تىكىنى بولىدۇ؛ ④ يېتىلگەن ھاشارىتى: بەدەن ئۇزۇنلۇقى 20 مىللىمېتىر ئەتراپىدا، قانات كەرىمىسى 45 مىللىمېتىر، سەزگۈ بۇرتى چىشىسىنىڭ يىپسىمان، ئەركىكىنىڭ قوش تاغاقسىمان، مۇرەككەپ كۆزى كۈلرەڭ قارا رەڭدە، ئالدى كۆكرەك بىلەن ئالدىنقى قانىتى كۈلرەڭ بىلەن بېغىر رەڭ ئارىلىقىدا، ئالدىنقى قانىتىدىكى ھالقا شەكىللىك ۋە بۆرەك شەكىللىك دېغى قوڭۇر قارا رەڭدە، ئارقا قانىتى سۇس قوڭۇر بولىدۇ.

**2. ياشاش ئادىتى:** بىر يىلدا بىر ئەۋلاد قالدۇرىدۇ. قورچاق ھالەتتە 10 ـ 15 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى بىرقەدەر نەم تۇپراقتا ياز ۋە قىشنى ئۆتكۈزىدۇ. ناھىيەمىزدە 3 ـ ئاينىڭ باش، ئوتتۇرىلىرى قىشلىغان قورچاقلىرىدىن يېتىلگەن ھاشارىتى پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ ھەمدە چېتىشىپ تۇخۇم تۇغىدۇ. 4 ـ ئاينىڭ باش، ئوتتۇرىلىرى تۇخۇمدىن لىچىنكا چىقىپ، يوپۇرماق ۋە ئۈرۈك غوللىرىغا زىيان سېلىشقا باشلايدۇ. 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنلىرى ئەتراپىدا بىر ـ بىرلەپ قورچاقلىشقا ئايلىنىدۇ. لىچىنكىسى ئۈرۈكنىڭ يوپۇرماق ۋە غورىسىغا زىيان سېلىۋاتقاندا شاخنى ئىرغىتسا، لىچىنكىلار تور تارتىپ ساڭگىلاپ يەرگە چۈشىدۇ، يېتىلگەن ھاشارىتى كۈندۈزى

# شوخلا ۋىرۇسى كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

سۇدىنىسا مەمتىمىن
(خوتەن شەھەرلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن 848000)

**1. كېسەللىك ئالامىتى:** شوخلا پاكار ئۆسۈپ سولىشىدۇ، ئۆسۈشى ئاستىلاپ ياكى ئۆسۈشتىن توختايدۇ، يوپۇرماق چۆرىسى قېنىق سارغىيىدۇ ياكى قۇرۇپ پۈرلىشىدۇ. يوپۇرماق ئېتى قېلىنلاپ يوپۇرمىقى كىچىكلەيدۇ، بوغۇم ئارىلىقى قىسقىراپ گۈل، غۇنچىسى ۋە مېۋىسى كۆرۈنەرلىك ئازلايدۇ، مېۋىنىڭ رەڭگى تەكشى بولماي ئاساسىي جەھەتتىن تاۋار قىممىتى بولمايدۇ.

**2. كېسەللىك سەۋەبى:** (1) شوخلا سورتلىرىنىڭ ھەممىسىدە بۇ خىل كېسەللىك كۆرۈلىدۇ؛ (2) شوخلىنىڭ ئۆسۈشى ساغلام، يوپۇرمىقى ۋە مېۋە پوستى قېلىن، سورتلاردا كېسەلگە قارشى تۇرۇشچانلىقى بىرقەدەر كۈچلۈك بولىدۇ؛ (3) شوخلىنىڭ پۈتكۈل ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا باشقۇرۇشى ياخشى، كېسەللىك، ھاشاراتلارنىڭ بالدۇر ئالدى ئېلىنغان ئېتىزلاردا يېنىك بولىدۇ؛ (4) پارنىك تېمپېراتۇرىسى 25℃ ـ 35℃ ئەتراپىدا بولۇپ، يوشۇرۇنۇۋالىدۇ، كېچىسى ھەرىكەت قىلىدۇ، نۇرغا كۈچلۈك ئىنتىلىدۇ، دەرەخنىڭ شاخ ۋە زەخمىلەنگەن يەرلىرىگە توپ ھالەتتە تۇخۇم تۇغىدۇ، ھەر بىر توپتىكى تۇخۇم سانى 250 ـ 400 دانىگە يېتىدۇ، تۇخۇمدىن 10 ـ 15 كۈندە لىچىنكىسى چىقىدۇ.

**3. ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** (1) ھاشارات ئۆلتۈرۈش چىرىغى ئارقىلىق يوقىتىش كېرەك؛ (2) تۇپراقنى ئاغدۇرۇپ يازلىغان ۋە قىشلىغان قورچاقلارنى يوقىتىش لازىم؛ (3) لىچىنكىلار زىيان سېلىۋاتقان مەزگىلدە شاخنى ئىرغىتىپ، لىچىنكىلارنى يەرگە چۈشۈرۈپ دەسسەپ ئۆلتۈرۈش كېرەك؛ (4) كۆشەندىلەردىن پايدىلىنىپ يوقىتىش كېرەك. ھەر خىل قۇشلار لىچىنكىنى يەيدۇ، ھەر خىل پارازىت چىۋىنلەر تۇخۇمنى يەيدۇ، مەسىلەن: بىر دانە ئاق قۇشقاچ كۈنىگە 250 دانە قۇرت يەيدۇ؛ (5) پەيدا بولۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە دورا چېچىپ يوقىتىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن د د ۋ (敌敌畏) ياكى سۇپراتسىد (速扑杀) سۇتسىمان دورىسىنىڭ 1000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى چاچسا بولىدۇ. (03)

نەملىك توۋەن ھەم قۇرغاق بولسا كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇشىغا پايدىلىق بو- لىدۇ؛ (5) تاماكا توزان پىتى 4 ـ 5 ـ ئايلاردا پارنىكتىن ئۇچۇقچىلىققا، 9 ـ، 10 ـ ئايلاردا ئوچۇقچىلىقتىن پارنىكقا يۆتكىلىپ زىيان سالىدۇ، شۇنىڭ ئۈ- چۈن بۇ مەزگىللەردە مايسا كۆچۈرسە كېسەللىك ئېغىر يۈز بېرىدۇ.

**2. ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** «ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىپ، ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. (1) كېسەلگە چىداملىق، قىسقا پەسىللىك شوخلا سورتلىرىنى تاللاپ تېرىش كېرەك؛ (2) ئەتىيازدا تېرىشتىن ئىلگىرى پارنىكنى توۋەن تېمپېراتۇرىدا 10 كۈندىن ئارتۇق توڭلىتىش، كۈزلۈك كۆكتات تېرىشتىن بۇرۇن 7 ـ، 8 ـ ئايغىچە پارنىكنى ئارام ئالدۇرۇپ، پارنىكنى سۇغىرىپ، يۇقىرى تېم- پېراتۇرىدا 10 كۈن ئەتراپىدا دۇملەش ئارقىلىق، تاماكا توزان پىتى ۋە باش- قا ھاشاراتلارنى يوقاتقىلى بولىدۇ. (3) شوخلىنى ئامال بار پىياز، سامساق، كۈدە ۋە كەرەپشە قاتارلىقلار بىلەن نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش كېرەك؛ (4) پەرۋىشنى كۈچەيتىش، ھاشارات يوقىتىش تورى بىلەن پارنىكنىڭ بارلىق ھاۋا ئۆتۈشۈش ئېغىزلىرىنى توسۇپ، تاماكا توزان پىتىنىڭ ۋىرۇس تارقى- تىشىنى كونترول قىلىش كېرەك؛ (5) تاماكا توزان پىتىنىڭ سېرىق رەڭ- گە بولغان ئىنتىلىشچانلىقىدىن پايدىلىنىپ، پارنىك ئىچىگە سېرىق تاختاي ئورنىتىش كېرەك؛ (6) تاماكا توزان پىتىنىڭ پەيدا بولۇشى يۇقىرى پەللە- گە چىققاندا ئۈنۈمى يۇقىرى دورا چېچىش كېرەك. دورا چاچقاندا دورىنى توغرا تاللاپ، ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىش كېرەك، 20% لىك دىگچۇگمى (啶虫醚) پاراشوكسىمان دورىسىنى 2000 ـ 3000 ھەسسە، 10.8% لىك بىبىگمى (吡丙醚) سۇتسىمان مايلىق دورىسىنى 600 ـ 800 ھەسسە سۇ- يۇلدۇرغاندىن كېيىن، بۇ ئىككى خىل دورىنى ئارىلاشتۇرۇپ چاچسا يېتىل- گەن ھاشارىتى، ياش قۇرتى، تۇخۇمىنى تەڭلا يوقاتقىلى بولىدۇ؛ (7) شارا- ئىتى يار بەرگەن دېھقانلار پارنىك ئىچىگە پارازىتلىنالايدىغان كۆشەندىلەر- دىن كۆكپىت كىچىك ھەرىسى، خانقىز، ئالتۇن كۆز، ئالا چىرپاشكا قاتار- لىقلارنى قويۇپ بېرىش ئارقىلىق، تاماكا توزان پىتىنى يوقىتىشقا دىققەت قىلىش كېرەك. (05)

# چىلان شارسىمان چوڭ قاسراقلىق قۇرتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

ھەمىگۇل ئابدۇرېشىت
(ئاتۇش شەھەرلىك ئورمان باشقۇرۇش پونكىتىدىن 845350)

بۇ ھاشارەت ئوخشاش قاناتلىقلار ئەترىتى قاسراقلىق قۇرت باش ئائىلە-سى قاسراقلىق قۇرت ئائىلىسىگە تەۋە بولۇپ، ئادەتتە ھۆررەكچە چوڭ قاسراقلىق قۇرتى، شارسىمان چوڭ قاسراقلىق قۇرتى، نەشپۈت شارسىمان چوڭ قاسراقلىق قۇرتى، چىلان شارسىمان موم چوڭ قاسراقلىق قۇرتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**1. تارقىلىشى ۋە زىيان سېلىشى:** بۇ ھاشارەت چىلان، بادام، ئالما، نەشپۈت، ئامۇت، ئۆرۈك، شاپتۇل، ئۈزۈم، ياڭاق، توغراق، ئاكاتسىيە، قارا ياغاچ، ئارچا، ئازغان، تۇخۇمەك قاتارلىق دەرەخلەرگە زىيان سالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئېغىرراقى چىلان، ئاكاتسىيە، قارا ياغاچ قاتارلىقلارغا زىيان سالىدۇ. گۇدەك ھاشارىتى ۋە چىشى يېتىلگەن ھاشارىتى پارازىت ئىگىسىنىڭ ئاساسىي غول، ئاساسىي شاخ، يۇمران نوتا، يوپۇرماق ۋە مېۋىلەرگە چاپلىشىۋېلىپ شورىغۇچى ئېغىز ئاپپاراتى ئارقىلىق ئوزۇقلۇق شىرىنىلەرنى سۈمۈرۈپ، يوپۇرماقنىڭ بالدۇر تۆكۈلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دەرەخنىڭ ئۆسۈشى ئاجىزلاپ، مېۋىسى يىگىلەپ تۆكۈلۈپ كېتىدۇ، ھەتتا بەزى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان دەرەخلەر تۈپ بويىچە قۇرۇپ كېتىدۇ.

**2. مورفولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى:** يېتىلگەن ھاشارات چىشى قۇر-تىنىڭ دۈمبىسى قىزغۇچ قوڭۇر رەڭلىك بولۇپ، رەتلىك قارامتۇل كۈل رەڭ چېكىتى بولىدۇ. تۇخۇم قويغاندىن كېيىن قاتتىقلىشىپ قارامتۇل قوڭۇر رەڭگە كىرىپ، قىزىللىقى يوقايدۇ. ئەركىكىنىڭ بېشى قارامتۇل قوڭۇر، مەيدىسى ۋە قورسقى ساغۇچ پور رەڭ، ئوتتۇرا، ئارقا كۆكرىكى قىزغۇچ قوڭۇر بولىدۇ. سەزگۈ بۇرتى يىپسىمان بولۇپ، تۈكچىلىرى بولى-دۇ. ئالدى قانىتى سۈزۈك قىڭراققا ئوخشايدۇ، ئارقا قانىتى چېكىنىپ تەڭ-پۇڭلۇق تاياقچىسىغا ئايلىنىدۇ.

بىر ياشلىق ھاشارات سوزۇنچاق بولۇپ، بوغۇمى ئېنىق بولىدۇ، رەڭگى كاۋا چېچىكى سېرىق ياكى قىزغۇچ سېرىق بولىدۇ. ئاق قاسىرىقى بولىدۇ.

ئىككى ياشلىق ھاشاراتنىڭ رەڭگى ئالدىنقى مەزگىلىدە ئاچ سېرىق، كېيىنكى مەزگىلىدە سۇس پورەڭ بولۇپ، قاسىرقىنىڭ گىرۋىكىدە تۈكى بولىدۇ، موم يۇقى ياكى ئىزىنى كۆرگىلى بولىدۇ. (1) ياشاش ئادىتى: يىلدا بىر ئەۋلات قالدۇرىدۇ، ئىككى ياشلىق ھاشارات 2 ـ 3 يىللىق بولغان شاخ بىلەن چوڭ شاخنىڭ تۇتاشقان قوتۇر يەرلىرىگە يىغىلىپ قىشلايدۇ. كېيىنكى يىلى ئەتىيازدا دەرەخكە سۇ يۈگۈرگەندە دەرەخ شىرىنىسىنى شۈمۈرۈپ زىيان سالىدۇ. قىشتىن چىققان ھاشارات 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ قورچاققا ئايلىنىپ، 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە قورچاقتىن چىقىپ جۈپلىشىدۇ. چىشىسى 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرا، ئاخىرلىرىدىن باشلاپ تېز يوغىناپ، 5 ـ ئاينىڭ باشلىرى ۋە ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ قاسىرقى ئىچىگە تۇخۇم سالىدۇ. 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا تۇخۇمدىن چىقىشقا باشلايدۇ. 6 ـ ئاينىڭ بېشىدا تۇخۇمدىن يېڭىلا چىققان ھاشارات يوپۇرماق تومۇرىنىڭ ئىككى يېنىغا ۋە شاخقا يۆتكىلىپ زىيان سالىدۇ. 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرلىرىدىن باشلاپ 2 ـ 3 يىللىق شاخلارغا يۆتكىلىپ، شۇ يەرگە ئورۇنلىشىپ قىشلايدۇ.

**3. ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** (1) قىشتا مېۋىلىك دەرەخلەر غازاڭ تاشلىغاندىن كېيىن بائومى 3 ـ 5 گىرادۇسلۇق ھاك ـ گۈڭگۈرت بىرىكمىسىنى چېچىپ، باغنى دېزىنفېكسىيەلەش كېرەك؛ (2) باش باھاردا دەرەخ تېنىگە سۇ يۈگۈرگەندىن تارتىپ بىخ سۈرگىچە بولغان ۋاقىتتا 10% لىك ئىمىداكلورد (吡虫啉) ئېمۇلسىيەسىنى 10 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ دەرەخ غولىغا سۈرۈش كېرەك. ھاشارەت زىيان سالغان مەزگىلدە 10% لىك ئىمىداكلورىد ئېمۇلسىيىسىنى 30 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ، ھاشارات زىيىنىغا ئۇچرىغان دەرەخ غولىنىڭ تۆۋى قىسمىنى تېشىپ قويۇش كېرەك؛ (3) تۇخۇمدىن يېڭى چىققان ھاشارات مەزگىلىدە ئالدىنى ئېلىپ ـ يوقىتىش، كۆزىتىپ ئالدىن مەلۇمات بېرىشكە بىرلەشتۈرۈپ، 6 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا 10% لىك ئىمىداكلورىد ئېمۇلسىيەسىنى 1500 ـ 2500 ھەسسە، 48% لىك لورسبان (乐斯本) ئېمۇلسىيىسىنى 1500 ـ 2500 ھەسسە، 0.5% لىك يىنلىيەنسۇ (印楝素) ئېمۇلسىيىسىنى 1500 ـ 2500 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ چېچىش كېرەك. (02)

# يالتىراق ئۆستەڭدىن زىرائەتلەرنى تېجەشلىك سۇغىرىش ئۇسۇلى

گۈلباھار ئىگەمبەردى  سانىيەم ھوسۇيۇن
(شىنجاڭ ئورمانچىلىق مەكتىپىدىن 830000)

يالتىراق ئۆستەڭدىن زىرائەتلەرنى تېجەشلىك سۇغىرىش دېگىنىمىز ــ يالتىراق يوپۇقنىڭ ئىككى يان قىرىدىن سۇغىرىشنى يوپۇق ئۆستەڭدىن سۇغىرىشقا ئۆزگەرتىش بولۇپ، بۇنىڭدا سۇ مەخسۇس تېشىلگەن تۆشۈكتىن بىۋاسىتە سىڭىپ كىرىپ تۇپراقنى نەمدەپ، ئۆسۈملۈكنى سۇغىرىپ، مەھسۇلات ئاشۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ.

ئارتۇقچىلىقى: بۇ خىل ئۇسۇلدا، سۇ پەقەت يوپۇق ئۆستەڭدىكى ئالدىن بەلگىلەنگەن تۆشۈكتىنلا چۈشكەچكە، سۇ مىقدارى چەكلىك، پەقەت ئۆسۈملۈكنى سۇغىرىشقىلا يېتىدۇ. باشقا قىر سىڭىپ كىرىدىغان سۇ بولمىغاچقا، ئېرىقتىن سۇ باشلاپ سۇغىرىشقا قارىغاندا %25 ـ %30 سۇ تېجىلىپ، سۇنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمى %80 دىن يۇقىرى بولىدۇ. ئەگەر يوپۇق ئۆستەڭدىن سۇغىرىش بىلەن تۇرۇبا بىلەن سۇغىرىشنى بىرلەشتۈرگەندە، سۇنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمىنى %90 گە يەتكۈزگىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە پەقەت ئۆسۈملۈكلەر سۇغىرىلىپ، باشقا ئارتۇقچە سۇ بولمىغاچقا، ئەتراپىدىكى تۇپراقلاردا قېتىۋېلىش ئەھۋالى كۆرۈلمەيدۇ.

بۇ خىل ئۇسۇل، ھەرقانداق يالتىراق يوپۇق يېپىلغان ئۆسۈملۈكلەرگە ماس كېلىدۇ. بولۇپمۇ يەر شەكلى ئېگىز، سوغۇق، قۇرغاق رايونلار، ئەتىيازدا سۇ كەمچىل بولىدىغان ۋە تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق رايونلار، پارلىنىش مىقدارى يۇقىرى، يانتۇلۇق دەرىجىسى چوڭ، تۇپرىقى ئاسان قاتقىلاقلىشىدىغان، سۇ ۋە ئوزۇقلۇق ساقلاش ئىقتىدارى ناچار بولغان رايونلارغا ماس كېلىدۇ.

كۆپ ئىشلىتىدىغان يوپۇق ئۆستەڭدىن سۇغىرىش ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكى ئۈچ خىلدىن ئىبارەت. (1) پەس تاختا شەكىللىك سۇغىرىش: بۇنىڭدا يەر

تۈزلىگەندە، بىر قىر ۋە بىر ئېرىق قىلىپ تاختا ياسىلىدۇ. يالتىراق يوپۇق ئېرىق تېگى، قىر يانتۇلۇقىغا، شۇنداقلا قىرنىڭ ئۈستىگىچە يېيىتىلىپ، زىرائەت قىر يانتۇلۇقى ياكى قىرغا تېرىلىدۇ. ئېرىقنىڭ ئۆلچىمى زىرائەتنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ پەرقلىق بولىدۇ، كۆكتات ئۆستۈرۈش ئېتىزلىرىدا، ئېرىقنىڭ چوڭقۇرلۇقى 30 ـ 40 سانتىمېتىر، قوشنا ئېرىقنىڭ ئارىلىقى 80~120 سانتىمېتىر بولىدۇ. تاۋۇز، قوغۇن ئۆستۈرۈلگەن ئېتىزلاردا ئېرىق چوڭقۇرلۇقىنى 40~50 سانتىمېتىر، قوشنا ئېرىق ئارىلىقىنى 35~40 مېتىر قىلىش لازىم. سۇ ئېرىقتىن ئېقىپ كېلىپ يوپۇق ئۈستىدىكى تۆشۈك ئارقىلىق سىڭىپ، ئۆسۈملۈك يىلتىزىنى سۇغىرىدۇ. يوپۇق ئۈستىدىكى تۆشۈكنىڭ سانى ۋە چوڭ كىچىكلىكى، تۇپراق شارائىتى ۋە زىرائەتلەرنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىغا ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ. قۇرغاق تۇپراقلاردا تۆشۈكنىڭ دىيامېتىرى چوڭ، تۆشۈك ئارىلىقى قىسقا، سېغىز تۇپراقتا ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ؛ (2) تىراپېتسىيە شەكىلدىكى قىردا سۇغىرىش: بۇنىڭدا 40 سانتىمېتىر ئارىلىق قويۇپ، كەڭلىكىنى 20 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكىنى 20 سانتىمېتىر قىلىپ قىر سېلىنىدۇ، 70 سانتىمېتىر كەڭلىكتىكى يالتىراق يوپۇق تىراپېتسىيە شەكىلدىكى قىرغا يېپىلىدۇ، ئىككى تەرىپى بەش سانتىمېتىر توپا بىلەن كۆمۈلىدۇ. ئېرىقنىڭ چوڭقۇرلۇقى 40 سانتىمېتىر، سۇنىڭ ئېقىش مىقدارى بىر سېكۇنتتا 1~2 لىتىر بولىدۇ، پەس تاختا شەكلىدە سۇغىرىشقا قارىغاندا تېخىمۇ سۇ تېجىگىلى بولىدۇ؛ (3) يوپۇق قىرىدىن سۇغىرىش: بۇنىڭدا يوپۇق قىرنىڭ ئۈستىگە يېپىلىدۇ، ئېرىق تېگىگە ئىككى تەرەپنىڭ كېسىك يۈزى 2 ـ 4 سانتىمېتىر ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ يېپىلىپ، سۇنىڭ يېرىقتىن كىرىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىلىدۇ. (05)

# كۆزگى بۇغداينى سۇغىرىشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

باھارگۈل سۇلتان
(ئاتۇش شەھىرى ئۈستۈن ئاتۇش بازارلىق سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدىن 845350)

كۆزگى بۇغداي باشقا زىرائەتلەرگە ئوخشاشلا پۈتكۈل ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە مەلۇم مىقداردا سۇغا ئېھتىياج بولىدۇ. مايسا مەزگىلىدە سۇغا ئېھتىياجى بىرقەدەر ئاز بولىدۇ، مايسا قايتا كۆكىرىپ غول تارتقاندىن كېيىن، يىلتىزى تېز سۈرئەتتە ئۆزىراپ ئۆسكەچكە، مايسا ئېگىز ئۆسكەنسېرى سۇغا ئېھتىياجى ئاشىدۇ. كۆزگى بۇغداينىڭ سۇغا ئېھتىياجىدىن قارىغاندا، دەسلەپكى مەزگىلدە يەنى مايسا غول تارتىش مەزگىلىدە، بىر قېتىم قاندۇرۇپ سۇغىرىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر مو يەرنى 40 ــ 50 كۇب مېتىر سۇ بىلەن سۇغارسا بولىدۇ. ئوتتۇرا مەزگىلدە يەنى باشاق چىقىرىش مەزگىلىدە ھەر مو يەرنى 50~60 كۇب مېتىر سۇ بىلەن سۇغىرىش كېرەك.

كۆزگى بۇغداينىڭ پۈتكۈل ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدىكى سۇغا بولغان ئېھتىياجى شۇ مەزگىلدىكى ھاۋا رايى، ھۆل ـ يېغىن مىقدارى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شىمالىي شىنجاڭدا قۇرغاق بولغان يىللىرى بىر مو يەر ئۈچۈن يىللىق سۇغىرىش مىقدارى 200 ـ 300 كۇب مېتىر بولىدۇ. ھۆل يېغىنلىق يىللىرى بىر مو يەرنىڭ يىللىق سۇغىرىش مىقدارى 150 ـ 200 كۇب مېتىر بولىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدا قۇرغاق بولغان يىللىرى بىر مو يەرنىڭ يىللىق سۇغىرىش مىقدارى 250 ـ 350 كۇب مېتىر بولىدۇ. ھۆل يېغىنلىق يىللىرى بىر مو يەرنىڭ سۇغىرىش مىقدارى 200 ـ 250 كۇب مېتىر بولىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قىسمەن قۇرغاقچىلىق ئەھۋالى ئېغىر بولغان رايونلىرىدا بىر مو يەر ئېھتىياجلىق سۇ 350 ـ 400 كۇب مېتىرگە يېتىدۇ. كۆزگى بۇغداينى سۇغىرىش مىقدارى ۋە قېتىم سانى شۇ مەزگىلدىكى ھاۋارايى، يەنى كىلىماتنىڭ ئىسسىپ كېتىشى، يامغۇرنىڭ كۆپ يېغىشى، شامالنىڭ كۆپ چىقىشى قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا كۆزگى بۇغداينى ئۆسۈپ يېتىلىش ئەھۋالى ۋە مۇھىت شارائىتقا قاراپ مۇۋاپىق سۇغىرىش كېرەك. (05)

# سىلوس ئورىكىنى ئېچىپ، سىلوس ئىشلەتكەندە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

ئۆمەرجان
(بورتالا شەھىرى چىندىل يېزىلىق چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن 843400)

سىلوسنى ئېلىپ ئىشلىتىشنى ئورىنىڭ بىر تەرىپىدىن باشلاپ، مەلۇم قېلىنلىقتا قەۋەتمۇ - قەۋەت ئېلىپ، باشتىن - ئاخىر بىر تەكشىلىكنى ساقلاش، بىرلا ئورۇندىن كولاپ ئالماسلىق، تۇپراق ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ ئارىلىشىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش لازىم. ھەر قېتىم ئالىدىغان سىلوسنىڭ مىقدارى بىر كۈنگە يەتكۈدەك بولۇشى، چارۋا - ماللار كۈندە قانچىلىك يېيەلىسە شۇنچىلىك ئېلىش، كۆپ ئېلىۋېلىپ، چارۋا - ماللار يەپ بولالماي ئىسراپ بولۇش ۋە سىلوسنىڭ سۈپىتى ئۆزگىرىپ كېتىشتىن ساقلىنىش لازىم. سىلوسنى كۈندە يەتكۈدەك ئالغاندىن كېيىن، ئورا ئاغزىنى ۋاقتىدا مەھكەم يېپىپ، سىلوسنىڭ ئۇزۇن ۋاقىت ھاۋا بىلەن ئۇچرىشىش سەۋەبىدىن سۈپىتى ئۆزگىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. سىلوسنىڭ بېرىلىش مىقدارى ئاز - ئازدىن كۆپەيتىلىپ بېرىش كېرەك. سىلوسنىڭ تەمى چۈچۈمەل بولغاچقا، بەزى ماللار يېيىشكە ئادەتلەنمىگەن بولىدۇ. شۇڭا چارۋا - ماللارنىڭ كۆنۈۋېلىشى ئۈچۈن دەسلەپتە ئاز - ئازدىن، مىقدارىنى تەدرىجىي كۆپەيتىش كېرەك.

گەرچە سىلوس بىر خىل سۈپەتلىك يىرىك ئوزۇق ھېسابلانسىمۇ، چارۋا - ماللارغا بەرگەندە ئۇلارنىڭ توقلۇق ئېھتىياجىغا ئاساسەن مۇۋاپىق مىقداردا بوغۇز ۋە باشقا يەم - خەشەكلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش ئارقىلىق، يەم - خەشەكلەرنىڭ پايدىلىنىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم.

بەزى سىلوسلارنىڭ كىسلاتالىقى بىرقەدەر يۇقىرى بولغاچقا، بېرىلىش مىقدارىنى ئازايتىش ياكى 5% - 10% لىك ھاك سۈيى بىلەن نېيتراللاشتۇرۇپ ئاندىن بېرىش ياكى 12% لىك ناترىي كاربونات قوشۇپ، كىسلاتالىق دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىپ بېرىش لازىم. (02)

# ئۆي قۇشلىرىنىڭ پوكان ياللۇغىنى داۋالاش

مەمتىمىن مەرۇپ
(يەكەن ناھىيە دوڭباغ يېزىلىق چارۋىچىلىق مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن 844700)

پوكان ياللۇغى توخۇ، كەپتەر قاتارلىق ئۆي قۇشلىرىدا بىر يىلنىڭ ھەممە پەسلىدە، بولۇپمۇ ئەتىياز پەسلىدە كۆپ كۆرۈلۈپ، ھەزىم قىلىش قالايمىقانلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ۋاقتىدا داۋالىمىسا ئۆلۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**كېسەللىك سەۋەبى:** ئۆي قۇشلىرى غىدىقلىغۇچى، سۈپىتى ئۆزگەرگەن، كۆكىرىپ بۇزۇلغان ياكى ئاسان ھەزىم بولمايدىغان يەم، سۇلارنى يېيىش، ئىچىش، ئوزۇق تۈرىنى ۋە مىقدارىنى ھەم يەم بېرىش ۋاقتىنى توساتتىن ئۆزگەرتىش قاتارلىق سەۋەبتىن كېلىپ چىقىدۇ، يېڭى تۇخۇمدىن چىققان چۈجە ۋە باچكىلار ئەڭ ئاسان كېسەللىنىدۇ.

**كېسەللىك ئالامىتى:** پوكان ئىششىيدۇ، گاز ۋە سۇيۇقلۇقلار بىلەن تولغان بولىدۇ. پوكاننى باسقاندا ياكى بېشىنى تۆۋەنگە قاراتقاندا ئېغىزىدىن ئاق ياكى سۆسۈن رەڭلىك شىلىمشىق سېسىق سۇيۇقلۇق ئاقىدۇ، ۋاقىت ئۇزىراپ كەتسە، پوكاندا زەھەرلىك گاز ھاسىل بولۇپ، بەدەنگە قان ئايلىنىش ئارقىلىق سۈمۈرۈلۈپ، نەپەس، يۈرەك ھەرىكىتى قالايمىقانلىشىپ، تۇنجۇقۇپ ئۆلىدۇ.

**داۋالاش:** (1) 0.1% لىك مارگانسوپ ئېرىتمىسى ياكى 2% لىك تۇز ئېرىتمىسىنى ئىنچىكە سولياۋ نەيچە بىلەن ئېغىزىدىن پوكانغا كىرگۈزۈپ، باشنى تۆۋەن قىلىپ، پوكاننى يەڭگىل بېسىپ، پوكاندا تۇرۇپ قالغان سۇيۇقلۇق ئاستا - ئاستا چىقىرىۋېتىلىدۇ. ئاندىن ياستى تابلېتى (0.3 گىراملىق) دىن 1 - 2 تال يېگۈزۈپ، 12 - 24 سائەتكىچە يەم ۋە سۇ بېرىش توختىتىلىدۇ؛ (2) پوكاندا گاز كۆپ بولسا دېزىنفېكسىيەلەنگەن ئوكۇل يىڭنىسى بىلەن پوكاننى تېشىپ گاز چىقىرىۋېتىلىدۇ. ئاندىن زەھەرلىك گازنى تۈگىتىش ئۈچۈن ياغاچ كۆمۈر پاراشوكى (灰粉) دىن مۇۋاپىق مىقداردا يېگۈزۈلىدۇ؛ (3) ھەزىم قىلىشنى ياخشىلاپ ياللۇغ قايتۇرۇش ئۈچۈن، 1 - 2 چىش سامساقنى ئېزىپ، سۇلفا گۇئانىدىن (磺胺胍) تابلېت-

# دانچە يەم - خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە قوي بېقىش ئۇسۇلى

ساۋۇت رىشىت
(كەلپىن ناھىيەلىك چارۋىچىلىق مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن 843600)

دانچە يەم - خەشەك زىرائەتلەرنىڭ شاخ - شۇمبىلىرى، ئوت - چۆپلەرنى توغراپ ئۇششاقلىغاندىن كېيىن، باشقا قوشۇمچە يەم - خەشەكلەر (قوناق، كېپەك، كۈنجۈرە قاتارلىقلار) بىلەن تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، دانچىلاش ماشىنىسىدا ئىشلەنگەن بىر خىل بىرىكمە يەم - خەشەك بولۇپ، نۆۋەتتە باقمىچىلىقتا كەڭ - كۆلەمدە ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

**1. دانچە يەم - خەشەكنىڭ ئالاھىدىلىكى:** (1) ساقلاشقا، يۆتكەشكە قولايلىق، ئاسان كۆكىرىپ بۇزۇلۇپ قالمايدۇ. (2) ئوزۇقلۇق قىممىتى بىرقەدەر تولۇق بولۇپ، يېيىشچانلىقى ياخشى، ئاسان ھەزىم بولىدۇ. دانچە يەم- خەشەككە ھەر خىل تولۇقلىغۇچى ماددىلار قوشۇلۇپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇلغاچقا، زىچلىقى يۇقىرى، ھەجمى كىچىك، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، چارۋىلارنىڭ يېيىشچانلىقىنى 15% ئاشۇرغىلى، باقمىچىلىق ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى 30% ئاشۇرغىلى بولىدۇ؛ (3) يەم - خەشەك، ئوت - چۆپ ئىسراپچىلىقىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. دانچە يەم - خەشەك بىلەن چارۋا باققاندا، چارۋىلارنىڭ يەم - خەشەكلەرنى تاللاپ يەپ ئاشۇرۇپ قو-

---

دىن 1 - 2 تال، رەۋەن سودا تابلېتى (大磺苏打片) دىن 1 - 2 تال قوشۇپ، كۈنىگە 1 - 2 قېتىمدىن ئۇدا ئىككى كۈن يېگۈزۈلىدۇ. كەپتەرلەرگە يۇقىرىقى دورىلارنىڭ مىقدارى ئازايتىپ بېرىلىدۇ.

**ئالدىنى ئېلىش:** (1) ئۆي قۇشلىرىغا سۈپەتلىك ئۆزگەرگەن ئوزۇق ۋە سۇلارنى بەرمەسلىك كېرەك؛ (2) ئوزۇق تۈرىنى ۋە بېرىش مىقدارىنى ھەمقەرەللىك ئوزۇق بېرىش ۋاقتىنى تۇيۇقسىز ئۆزگەرتمەسلىك كېرەك؛ (3) كۈندىلىك يېمىگە 0.2% بويىچە تۇز قوشۇپ بېرىش، سۈيىگە مارگانسۇپ پاراشوكىنى 0.01% - 0.05% لىك نىسبەت بويىچە تەڭشەپ بېرىش كېرەك. (02)

يۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، 30% يەم ـ خەشەكنى تېجىگىلى بولىدۇ؛ (4) مىكروبلارنى ئۆلتۈرۈپ، دېزىنفېكسىيە قىلغىلى، قورۇ ـ قوتانلارنىڭ پاكىزلىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. دانچە يەم ـ خەشەك ياساش جەريانىدا يەم ـ خەشەكلەرنىڭ (بولۇپمۇ چىگىت كۈنجۈرىسى، چىگىت تىرىپى، كېۋەز شاخ ـ شۇمبىلىرى) تەركىبىدىكى زەھەرلىك ماددىلارنى يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا پارچىلاپ، 60% تىن ئارتۇق زەھەرسىزلەندۈرگىلى ۋە يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا 90% تىن ئارتۇق ھەر خىل كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى مىكروبلارنى ئۆلتۈرۈپ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

**2. دانچە يەم ـ خەشەكنىڭ يېتەرسىزلىكى:** دانچە يەم ـ خەشەكنى ياساشقا ئادەم كۈچى ۋە توك سەرپ قىلىنىدىغان بولۇپ، ھەر كىلوگىرام دانچە يەم ـ خەشەك ئىشلەش ئۈچۈن ئادەتتىكى يەم ـ بوغۇزغا قارىغاندا 0.2 يۈەن ئارتۇق سەرپ قىلىنىدۇ.

**3. دانچە يەم ـ خەشەك ياساش تەرتىپى:** ئالدى بىلەن شاخ ـ شۇمبا ، ئوت ـ چۆپلەرنى توغراش ماشىنىسىدا توغراپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئالدىدىن تەييارلىنىۋالغان بىرىكمە بوغۇز يېمىنى مۇۋاپىق مىقداردا تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، دانچە يەم ـ خەشەك ياساش ماشىنىسىغا سېلىپ دانچە يەم ـ خەشەك ياسىلىدۇ. ئاندىن ياسىلىپ بولغان يەمنى سوۋۇتقاندىن كېيىن چارۋىلارغا بەرسە ياكى ئوراپ قاچىلىسا بولىدۇ. ئادەتتە بىرىكمە دانچە يەم ـ خەشەك تەركىبىدىكى بوغۇزنىڭ نىسبىتى 20% ـ 30% ئەتراپىدا بولسا، ئوت ـ چۆپ، شاخ ـ شۇمبىنىڭ نىسبىتى 70% ـ 80% ئەتراپىدا بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ. بوغۇزنىڭ تەركىبىدە قوناق 65%، كېپەك 15%، كۈنجۈرە 15%، تولۇقلىغۇچى ئارىلاشما يەم 1.5%، تۇز 1%، كالتسىي ھىدروفوسفات (磷酸氢钙) 1%، سودا 0.5%، تاش تالقىنى 1% نى ئىگىلىسە مۇۋاپىق بولىدۇ. شاخ ـ شۇمبىلارنىڭ سۇ تەركىبى 20% تىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، 10% تىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك. (02)

# قويلارنى ۋاڭنىلاشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

ياسىن راخمان
(يەكەن ناھىيە ئازاتباغ يېزىلىق چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن 844700)

مەيلى ساپ نەسىل ياكى شالغۇت نەسىللىك قويلار بولسۇن، يۇڭىنى قىرقىپ بولغاندىن كېيىن چوقۇم بىر قېتىم ۋاڭنىلاش كېرەك. ۋاڭنىلاش ئارقىلىق پارازىت قۇرتلارنى يوقاتقىلى ۋە قوتۇر كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئالـغىلى، قويلارنىڭ يۇڭ، تېرە سۈپىتىنى ياخشىلاپ، يۇڭ مىقدارىنى ئاشۇرـغىلى بولىدۇ. ئەمما نۆۋەتتە بىر قىسىم جايلاردا ۋاڭنىلاش تېخنىكا تەلەپ بويىچە ئېلىپ بېرىلمىغانلىقتىن، قوتۇر كېسىلى يەنىلا كۆرۈلۈۋاتىدۇ ياكى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەنمەيۋاتىدۇ.

بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك:

1. قويلارنى ۋاڭنىلاشتىن سەككىز سائەت بۇرۇن يەم بېرىشنى توختىتىش، قويلارنى ۋاڭنىلاش جەريانىدا ۋاڭنا كۆلچىكىدىكى دورىلانغان سۇنى ئىچىۋېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ۋاڭنىلاشتىن ئىككى سائەت بۇرۇن قويلارنى قاندۇرۇپ سۇغىرىش كېرەك.

2. دورىنىڭ ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى ۋە تەسىرىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، دورا قويۇقلۇقىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، بىر تۇياق قوينىمۇ قالدۇرۇپ قويماي، سان ھەم سۈپەتتە كاپالەتلىك قىلغان ئاساستا ۋاڭنىلاش لازىم. ئەگەر دورا قويۇقلۇقى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتسە دورا ئىسراپ بولىدۇ ھەم قويلارنىڭ زەھەرلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەگەر دورا قويۇقلۇقى ئۆلچەمدىن تۆۋەن بولۇپ قالسا قوتۇر كانىسىنى ئۆلتۈرەلمەيدۇ، شۇنداقلا ۋاڭنىلاش ئۈنۈمى ياخشى بولمايدۇ. شۇڭا دورا قويۇقلۇقىنى ئۆلچەملىك تەڭشەشكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

3. ئاۋۋال ساغلام قويلارنى ۋاڭنىلاش، ئەڭ ئاخىردا قوتۇر كېسىلى بار قويلارنى ۋاڭنىلاش كېرەك.

4. دورىلىق سۇنىڭ چوڭقۇرلىقى قوي تولۇق چۆككۈدەك بولۇش كېرەك. ۋاڭنا كۆلچىكى تار، ئۇزۇن كارىدور شەكلىدە بولۇش (ئۇزۇنلۇقى 10 مېتىر، كەڭلىكى بىر مېتىر بولسا مۇۋاپىق)، ۋاڭنىلاۋاتقان قوينى ۋاڭنا

كۆلچىكىدە ئاز دېگەندە بىر مىنۇت تۇرغۇزۇش، قويلارنىڭ باش قىسمىنىڭ قوتۇر كېسەللىكى بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، چىقىش ئېغىزىغا يې-قىنلاشقاندا باش قىسمىنى دورىلىق سۇغا 1 ـ 2 قېتىم چۆكتۈرۈۋېتىش لازىم.

5. قوي ۋاننا كۆلچىكىدىن ئايرىلغان ۋاقىتتا دورا سۈيىنى ساقىتىش ئورنىدا 20 مىنۇت تۇرغۇزۇش، دورا سۈيى ساقىپ بولغاندىن كېيىن قوينى سالقىن، كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان، ئازادە قوتانغا سولاش كېرەك. ۋاننىلاپ 6 ـ 8 سائەتتىن كېيىن يەم بەرسە ياكى سىرتقا چىقىرىپ باقسا بولىدۇ.

6. بوغاز بولغانغا ئىككى ئايلىقتىن ئاشقان ساغلىقلارنى ۋاننىلىماسلىق كېرەك.

7. قويلارنى قىرقىپ 7 ـ 10 كۈن ئۆتكەندىن كېيىنكى ۋاقىت ۋاننىلاشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق پەيتى ھېسابلىنىدۇ. ھاۋا ئوچۇق، شامال چىق-مىغان، يامغۇر ياغمىغان كۈنلەردە ئۆلچەملىك ۋاننا كۆلچىكىدە ۋاننىلاش كېرەك. ھاۋا ئوچۇق بولسا قوينىڭ يۇڭى ئاسان قۇرۇيدۇ ھەم زۇكامداشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئەگەر قوينىڭ يۇڭىنى قىرقىپ بولۇپ دەرھال ۋاننىلىغاندا، قوي يۇڭى بەك قىسقا بولغاچقا، قوي تېنىگە يۇقىشىدىغان دورىلىق سۇ بەك ئاز بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر كېچىكىپ ۋاننىلىسا، قويلارنىڭ يۇڭى بەك ئۆسۈپ كەتكەچكە دورىلىق سۇ قويلارنىڭ تېرىسىگە سۈمۈرۈلمەي قالىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال بەدەن سىرتىدىكى پارازىت قۇرتلارنى يوقىتىش ۋە قوتۇر كېسەللىكىنىڭ ئۇنۇملۈك ئالدىنى ئېلىشقا پايدىسىز. بىرىنچى قېتىم-لىق ۋاننىلاش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، 8 ـ 14 كۈن ئۆتكۈزۈپ يەنە بىر قېتىم ۋاننىلاش كېرەك. بۇنداق قىلغاندا ۋاننىلاش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆ-تۈرگىلى بولىدۇ.

8. قوي باقىدىغان ئىت بولسا قوينى ۋاننىلاش بىلەن بىرگە ئىتنىمۇ ۋاننىلاش كېرەك.

9. خىزمەتچى خادىملارنىڭ زەھەرلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، مەشغۇلات قىلغاندا چوقۇم ماسكا تاقاش، پەلەي كىيىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەڭ ياخشىسى رېزىنكە ئۆتۈك، سۇ ئۆتمەس كىيىم كىيىش كېرەك. (02)

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى

**23 - ماددا** مائارىپ مەمۇرىي تارمىقى قاتارلىق تارماقلار ۋە مەكتەپلەر، بالىلار باغچىلىرى، يەسلىلەر تۇرلۇك ئاپەت، يۇقۇملۇق كېسەل، يېمەكلىكتىن زەھەرلىنىش، ئۇشتۇمتۇت زەخىملىنىش قاتارلىق تاسادىپىي ۋەقەگە تاقابىل تۇرۇش لايىھىسىنى ئېھتىياجىغا قاراپ تۈزۈپ، مۇناسىپ ئەسلىھەلەرنى ئورنىتىپ ھەمدە زۆرۈر مانېۋىر ئۆتكۈزۈپ، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئۆزىنى قوغداش ئېڭى ۋە ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشى كېرەك.

**24 - ماددا** مەكتەپلەر مەكتەپتىكى پائالىيەتتە ياكى شۇ مەكتەپ مەكتەپ سىرتىدا ئۇيۇشتۇرغان پائالىيەتتە جىسمانىي جەھەتتىن زەخىملەنگەن قۇرامىغا يەتمىگەن ئوقۇغۇچىلارنى ۋاقتىدا قۇتقۇزۇشى، مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشى ھەمدە ئالاقىدار مەسئۇل تارماققا ۋاقتىدا مەلۇم قىلىشى كېرەك.

**25 - ماددا** مەكتەپتە تەربىيىلىنىۋاتقان قۇرامىغا يەتمىگەن ئوقۇغۇچىلاردىن بەك ناچار ئىللەتنى يۇقتۇرۇۋالغانلىرىنى مەكتەپلەر، ئاتا - ئانىلار ياكى باشقا ۋەسىيلەر ماسلىشىپ باشقۇرۇشى كېرەك؛ باشقۇرالمىغان ياكى ياخشى باشقۇرالمىغانلىرىنى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە مەخسۇس مەكتەپكە داۋاملىق تەربىيىلىنىشكە ئاپىرىپ بەرسە بولىدۇ.

قانۇن بويىچە مەخسۇس مەكتەپ قۇرغان يەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەخسۇس مەكتەپنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىغا كاپالەتلىك قىلىشى، مائارىپ مەمۇرىي تارمىقى مەخسۇس مەكتەپنى باشقۇرۇش ۋە يېتەكلەشنى كۈچەيتىشى، ئالاقىدار تارماقلار ھەمكارلىشىشى ۋە ماسلىشىشى كېرەك.

مەخسۇس مەكتەپلەر ئوقۇۋاتقان قۇرامىغا يەتمىگەن ئوقۇغۇچىلارغا ئىدىيە تەربىيىسى، مەدەنىيەت تەربىيىسى، ئىنتىزام ۋە قانۇنچىلىق تەربىيىسى، ئەمگەك - تېخنىكا تەربىيىسى ۋە كەسپىي تەربىيە بېرىشى كېرەك.

مەخسۇس مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئوقۇغۇچىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشى، كۆيۈنۈشى ۋە ئوقۇغۇچىلارنى ئىززەتلىشى، ئۇلارنى كەمسىتمەسلىكى ۋە ئۇلاردىن بىزار بولماسلىقى كېرەك.

**26 - ماددا** بالىلار باغچىلىرى بېقىش، تەربىيىلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، بالىلارنىڭ جىسمانىي، ئەقلىي، ئەخلاقىي جەھەتلەردە ماس يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك. (05)

# ئۇرۇق سېتىۋالغاندا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

ئايشەمگۈل تاش
(قەشقەر يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىدىن 844000)

1. ئۇرۇق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ ئۇرۇق سېتىشقا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى، تىجارەت كىنىشكىسى بار - يوقلۇقىغا قاراش كېرەك.

2. ئۇرۇقنىڭ قاچىلىنىشى، ئىشلەپچىقىرىلىشى، سېتىلىشى، ئىچى، سىرتىدا ماركىسى بار - يوقلۇقىغا قاراش كېرەك. نورمال ماركىدا سورتىنىڭ نامى، سۈپەت كۆرسەتكۈچىسى، ئىشلەپچىقارغان ۋاقتى، ئورنى، ئۇرۇقنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى، تىجارەت كىنىشكىسىنىڭ نومۇرى، كارانتىن گۇۋاھنامىسىنىڭ نومۇرى قاتارلىقلار يېزىلىدۇ. سورتىنىڭ سۈپىتى ماركىدىكى كۆرسەتمىلەرگە ئۇيغۇنمۇ - ئەمەسمۇ ئوبدان قاراش كېرەك.

3. مەبلەغ سېلىش شارائىتى، تۇپراق ئەھۋالى، تېرىلىۋاتقان سورتلارنىڭ ئىپادىسى قاتارلىقلارغا ئاساسەن، مۇۋاپىق كېلىدىغان سورتنى تاللاش لازىم.

4. ئۇرۇق سېتىۋالغانلىق تالونىنى ئېلىۋېلىش، تالوندا يېزىلغان ئۇرۇقنىڭ ساپلىقى، تازىلىقى، بىخلىنىش نىسبىتى قاتارلىق كۆرسەتكۈچلەرنىڭ سېتىۋالغان ئۇرۇق بىلەن بىردەكمۇ - ئەمەسمۇ ياخشى قاراش لازىم.

5. ئۇرۇقنىڭ سۈپىتىگە قاراش يەنى پارقىراقلىقىغا، تويۇنۇش دەرىجىسىگە، تىپىكلىكىگە، تەكشىلىكىگە، ئارىلاشما ماددىلارنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە، نەملىكىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە ياخشى قاراش كېرەك.

6. 200 تال ئۇرۇقنى ساناپ ئېلىپ ساپلىقىغا قاراش، ساپلىقى 95% تىن يۇقىرى بولۇش، مەلۇم مىقداردىكى ئۇرۇقنى ئېلىپ ئارىلاشما ماددىلارنى چىقىرىۋېتىپ، ئېغىرلىقىنى قايتا ئۆلچەپ، پاكىزلىقىنى ھېسابلاش، پاكىزلىقى 97% تىن يۇقىرى بولۇش، ئاندىن بىخلاندۇرۇش تەجرىبىسى ئىشلەش كېرەك، ئەگەر بىخلىنىش نىسبىتى 95% تىن يۇقىرى بولسا ئېھتىياجىغا ئاساسەن سېتىۋالسا بولىدۇ. ئەگەر ساپلىقى، پاكىزلىقى، بىخلىنىش نىسبىتى تۆۋەن بولسا، ئۆز ۋاقتىدا ئۇرۇق سېتىۋالغان

ئورۇنغا بىرىپ قايتا تەكشۈرۈشكە تەكلىپ بىرىپ، قايتا تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسەن ئالماشتۇرۇش ياكى قايتۇرۇشنى بىكىتىش كىرەك.

7. قانۇنى ھوقۇق مەنپەئەتىمىزنى قوغدىشىمىز كىرەك. ئەگەر ئىھتىياج بويىچە ئۇرۇق سېتىۋالماقچى بولسا ھېچقانداق ئورۇن ۋە شەخس ئارىلىشالمايدۇ. ئەگەر ئۇرۇق سۈپىتىدە مەسىلە كۆرۈلسە، قانۇنى ھوقۇقىمىزنى قوغداشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كىرەك. تېرىقچىلىق جەريانىدا نورمال بولمىغان كىلىمات (مەسىلەن: يورۇقلۇقنىڭ يېتىشمەسلىك، يۇقىرى تېمپېراتۇرا، يۇقىرى نەملىك، مۆلدۈر، قۇرغاقچىلىق، ئۈششۈك، سۇ بېسىپ كېتىش قاتارلىق تەبىئى ئاپەتلەر) كېسەللىك، ھاشارات زىيىنى، پەرۋىش قىلىش مۇۋاپىق بولماسلىقىدىن ئۆسۈشى ياخشى بولماي، مايسا كەم بولۇپ، مەھسۇلاتى ئازىلاپ، سۈپىتى تۆۋەنلىسە ئۇرۇق تىجارەتچىسىگە تۆلەم تەلەپ قىلسا بولمايدۇ. ئەگەر ئۇرۇقنى تېرىشتىن بۇرۇن ياكى تېرىشتىن كېيىن ئۇرۇقنىڭ سۈپىتىدە مەسىلە كۆرۈلسە، دەرھال ئۇرۇق ساتقان تىجارەتچى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئەمەلى ئەھۋالغا ئاساسەن ئىككى تەرەپ ئۆزئارا كېلىشىشى، كېلىشەلمىسە قانۇن بويىچە ھەل قىلىشى كىرەك. (03)

(بېشى 34 ـ بەتتە)

كېيىن فوسفورلوق، كالىيلىق ئوغۇتلار بىلەن ئوغۇتلاش؛ 3 ـ قېتىم مېۋىسى يوغىناش مەزگىلىدە، يەنى 5 ـ ئاينىڭ باش، ئوتتۇرىلىرى ھەر مو يەرنى 3 ـ 4 مىڭ كىلوگىرام تولۇق چىرىگەن سۈپەتلىك مەھەللىۋى ئوغۇت بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتلاش لازىم. ② كۈزدە ئۆرۈك دەرىخىنىڭ غازاڭلىرى تولۇق تۆكۈلۈپ بولغاندىن كېيىن باغنى ياخشى تازىلاپ، چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ توڭ ياتقۇزۇش ئارقىلىق، تۇپراقتا قىشلايدىغان كېسەللىك مىكروبلىرى، ھاشاراتلارنىڭ تۇخۇم، لىچىنكىلىرىنى يوقاتقىلى بولىدۇ؛ ③ ئۆز ۋاقتىدا قىشلىق چاتاش خىزمىتىنى ۋاقتىدا ئىلىپ بېرىش كېرەك. قىشلىق چاتاشقا بىرلەشتۈرۈپ كېسەللىك، ھاشارات زىيىنىغا ئۇچرىغان شاخلارنى چاتاپ، ۋاقتىدا باغ سىرتىغا يۆتكەپ كۆيدۈرگەندە، كېسەللىك مىكروبلىرى، ھاشاراتلارنىڭ تۇخۇم لىچىنكىلىرى كۆپىيىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. (02)

# خۇشخەۋەر

مەمەتتۇرا مامۇت

(يەكەن ناھىيە ئېلىشقۇ بازار بەشقۇدۇق 12 - كەنت 1 - مەھەللىدىن 844700)

مەن يۇرتىمىزنىڭ مۇھىتىنى ياخشىلاش ۋە گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن، 1970 - يىللىدىن باشلاپ باغ - ئورمانچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ، باشقا ناھىيە، ۋىلايەتلەرنى ئارىلاپ، ھەر خىل مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئۇرۇقچىسى، قەلەمچىسى ۋە كۆچەتلىرىنى، گۈل - گىياھ ئۇرۇقىنى سېتىۋېلىپ، گېزىت - ژۇرنال، پەن - تېخنىكا كىتابلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز يۇرتىمىزنىڭ تۇپرىقىغا، شارائىتقا ماسلىشالايدىغان يېڭى سورتلۇق مېۋىلىك كۆچەتلەرنى ۋە كۆركەم مەنزىرە كۆچەتلىرى ۋە گۈل - گىياھلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتىم. مەنزىرە كۆچەتلىرى ھەرقايسى ئىدارە - جەمئىيەتلەرنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ ھويلا ئاراملىرىغا يېڭىچە ھۆسن قوشسا، خىلمۇ خىل مېۋە - چېۋىلەر كەڭ ئىستېمالچىلارنىڭ يەرلىك ۋە يېڭى سورتلۇق مېۋىلەرنى بەھۇزۇر تېتىپ بېقىش، ھوزۇرلىنىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ كەلدى.

ئامېرىكا ئۆرۈك كۆچىتى، چىلگە ئاق ئۆرۈك، ئاق چولپان ئۆرۈك، قىزىل چولپان ئۆرۈك، چىلگە خونەك ئۆرۈك، قەشقەر ئاق ئۆرۈكى، موكا ياغلىق ۋە سوقا ياغلىق ئۆرۈك، تۈركىيە ئۆرۈكى، بارىن ئۆرۈكى، قاغىلىق ئۆرۈكى، گۈلە ئۆرۈكى، ئاتبانىيە ئۆرۈكى، تۈركىيە جىنەستىسى، قاراقاش جىنەستىسى، يەرلىك جىنەستە، ئىككى خىل جەملە كۆچىتى، ئالگىرات كۆچىتى، تېلگرات كۆچىتى، ئىككى خىل كۆك سۇلتان، تارىم بىڭتۈەن، پوسكام نېفىتلىكنىڭ ئۈچ خىل ئالۇچىسى، گۇما جەۋلانى، ئىشقول مەۋلانى، مەمتىمىن قىزىل ئۈلجا، يەرلىك ئاق ئۈلجا، ئامېرىكا گىلاسى، يەرلىك گىلاس، ئاقسۇ يۈرەك، ئىشقول يۈرەك، قىزىل ئامىلە، سېرىق بەلىلە، دەمەشىق، راھەت، چارتال، قاراقات، مىلىك ئالۇچا، ئىخلاس، چاڭلاشما ئۈجمە، يەرلىك كۆك ئامۇت، داڭسەن ئامۇتى، قوتۇر ئامۇت، ياۋا ئامۇت، ئاق ئالما، سېرىق ئالما، قىزىل ئالما، ئالا توغاچ، قارا توغاچ، يەرلىك تەكە شاپتۇل، ئۆتەك شاپتۇل، 8 - ۋە 11 - ئايدا پىشىدىغان ئىككى خىل شاپتۇل، قاغىلىق ئەت شاپتۇلى، قاغىلىق ياما شاپتۇلى، تۇرسۇن شاپتۇلى، مىجىت شاپتۇلى، بىڭتۈەن ياما شاپتۇلى، يەرلىك ئەت شاپتۇل، ئامېرىكا شاپتۇلى، ئايامىز شاپتۇلى، قەغەز بادام كۆچىتى، تاش بادام كۆچىتى، قاغىلىق بادام كۆچىتى، پىستە بادام كۆچىتى، ئامۇت كۆچەتلىرى، بىجىڭ ياڭىقى، قەغەز ياڭاق، تاش ياڭاق، دولان جىگدىسى، يۇمىلاق جىگدە، قاغا جىگدە، ئامېرىكا ئۈزۈمى، قەشقەر ئۈزۈمى، بەشكېرەم ئۈزۈمى، شوخلا ئۈزۈم، سەۋزە ئۈزۈم، مۇناقى ئۈزۈم، قاپاق ئۈزۈم قاتارلىقلار؛ مەنزىرە دەرەخلىرىدىن يەرلىك سۆگەت، مەنزىرە سۆگەت، سېرىق سۆگەت، ئاۋات سۆگەت، شىنجاڭ تېرىكى، ئالبانىيە تېرىكى، چوڭقۇلاق تېرىكى، تاغ تېرىكى قاتارلىقلار بار. مېۋىلىك ۋە مېۋىسىز كۆچەتلەرگە ئېھتىياجلىق ئىدارە - ئورۇنلارنىڭ، شەخسلەرنىڭ ئالاقىلىشىپ سېتىۋېلىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمەن.

ئالاقىلاشقۇچى: مەمەتتۇرا مامۇت     يانفون: 13579301735

نەۋرۇز گۈلى ئېچىلىپ،

يەرلەر بولدى گۈلىستان،

بۇلبۇل كاككۇك سايرىدى،

كىيىپ يۇرتتا چىمەنستان

ئۇيغۇر خەلق باھار قوشاقلىرىدىن

2006

# نورۇز گۈلى ئېچىلسۇن، يۇرتلار بولسۇن گۈلىستان !



قۇمۇل شەھىرى قارادۆۋە بازىرى لاپچۇق كەنتىدىكى خانىم - قىزلار، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەتنىڭ يېجىگدىكى ئۆيىدە زىيارەتتە بولدى.


农 村 科 技

(月刊)

يېزا پەن ـــ تېخنىكىسى

(ئايلىق ژۇرنال)

باشقۇرۇپ چىقارغۇچى ئورۇن: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى

تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى:«يېزا پەن ـ تېخنىكىسى» ژۇرنىلى رېداكسىيەسى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

باش مۇھەررىر: ھەلىمە تۇرسۇن تېلېفون ۋە فاكس نومۇرى: 4505075 ـــ 0991

مۇھەررىرلەر: ئابلەت ھەبىبۇللا ئەنۋەر مۇھەممەت

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 403 - قورۇ پوچتا نومۇرى: 830091

باسقۇچى ئورۇن: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى باھاسى: 2.00 يۈەن

تارقاتقۇچى ئورۇن: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى

مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: جايلاردىكى پوچتىخانىلار، نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى، پەن-تېخنىكا ئىدارىسى، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك نومۇرى: ISSN 1004-1095

مەملىكەتلىك بىر تۇتاش نومۇرى: CN 65-1046/S-W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 123 - 58 ئېلان كىنىشكا نومۇرى: 0016